http://jeckblog.com/

# { گـــۆلەن ماقـــاللەر توپلمـــــــى }

【جېك بلوگـــــدن رەتلەنـــدى】

**پەيكار ئېلكتـــابلرى**

**2012-5-29**





■ قەشقەرچە رىۋايەت ۋە ئۇيغۇرچە مەپكۇرە
■ تۆنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى سىيىت نوچى
■ قەشقەردىكى تىل خۇراپاتلىقى ۋە سۆز بوھرانى
■ قەشقەردىكى تاماشابىنلار
■ ئامېرىكىدىكى مۇساپىر تۇيغۇلار
■ ئۆرۈمچىدە تالاشتا قالغان ئامېرىكىلىق
■ ئامېرىكىدا "مەشرەپ"
■ ئامېرىكا "شەيتان"مۇ؟
■ ئۇيغۇر گېنىرالنىڭ ھوزۇرىدا
■ سىلەردە قۇربان ھېيت مودا بولدىمۇ؟
■ شېئىر ۋە تىل
■ ئۇيغۇر قانداق مىللەت؟" - "ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت"كە باھا
■ تۈركىيەدىكى نورۇزۇم
■ مەسلەك قىزغىنلىقى ۋە تاشلاندۇق مەسىلىلەر
■ ئامېرىكا، قىزىم ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىمىز

# قەشقەرچە رىۋايەت ۋە ئۇيغۇرچە مەپكۇرە

## گۈلەن

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كوچا پارىڭى سۈپىتىدە تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن ھىكايەتلەر، لەتىپىلەر، رىۋايەتلەر بار. بۇلار رەسمىي مەتبۇئاتلاردا نەشىر قىلىنمىغان بىلەن ئاۋامنىڭ ئاغزىدا دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە، ئۆزگىلەرگە، موھىتقا، جەمئىيەتكە، سىياسەتكە، ھاكىمىيەتكە ۋە باشقا تۈرلۈك شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى، قارىشى ۋە باھاسى ئەكس ئېتىدۇ. بۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ كەڭرى تارقىلىشى ۋە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېقىپ يۈرىشى ئۇلاردا ئۇيغۇلار ئېتىراپ قىلغان ئىدىيەلەرنىڭ بارلىقىنى بىشارەتلەيدۇ. مەن بۇ يازمامدا بۇنداق ئىدىيەلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ مەپكۇرە دەپ ئاتىدىم. مەپكۇرە دېگەنلىك ئىدولوگىيە دېگەنگە سەل يېقىن كېلىدىغان بىر ئاتالغۇ. بۇلار1. ئۇيغۇرغا كۈلپەت ئۇيغۇردىن كېلىدۇ، دەپ قاراش. 2. ئۇيغۇلار ئىتتىپاقسىز شۇڭا داھى چىقمايدۇ، دەپ قاراش. 3. ھۆكۈمەت ھەممىگە قادىر، دەپ قاراش. 4. شەخسنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى رازىلىقلارغا مەھكۇم قىلىش. 5. رىياللىقتىن تەسەللى تىلەش ۋە رىياللىقنى ساختا ھەقلىقلەشتۈرۈش. 6. ئۇيغۇرنىڭ يارىماسلىق تارىخىنى توقۇپ چىقىش ۋە كەمستىش. بۇ ئاغزاكى بايانلارنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى بىرى ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىقاتىغا خىزمەت قىلىدىغان گېزىت ژورناللاردا نەشىر قىلىنغان ئەمەس شۇڭا تەھرىرلەشلەرنىڭ پەردىزىدىن مۇستەسنا، يەنە بىرى ئۇيغۇرلار ئۆزى توقۇپ، تارقىتىپ ئىشىنىپ كەلگەن بولغاچقا كىشىگە بىر قەدەر ئىشەنچلىك تۇيۇلىدۇ. بۇلارنى تەھلىل قىلىشتىن مەقسەد ئۇيغۇرنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىۋاتقان، قېلىپقا سېلىۋاتقان، خۇلاسىلاۋاتقان بۇ مەپكۇرىلەرنىڭ توقۇلۇش، تارقىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشتۇر. يازمىنى يېزىشتا مەپكۇرىلەرگە


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

مسال ئېلشتا ئىهتىياج تۇيەيلىدىن ئۆزەم كۆزەتكەن ۋە توپلىغان بەزى تەپسىلاتلارنىمۇ قوشتۇم.

بىرىنجى مەيكۇره: ئۇيغۇرغا كۇلپەت ئىللەتلىك ئۇيغۇردىن كېلىدۇ

هىكايەت: كىم مۇناپىق ؟

هېيتگاهنىڭ ئەتراپىدا موزدۇزلۇق قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر بارمىشكەن. بىر كۈنى ئۇ جۇمەگە ماڭاي دەپ تۇرسا بىر خەنسۇ ئايىغىنى ئوڭشىتىشقا كەلگەنمىش. قوشنا موزدۇزدىن بىرى "ئۇيغۇراخۇن جۇمەگە كېچىكىپ قالمىسىلا ماڭلى "دېيىشىگە جاۋابەن ئۇيغۇراخۇن "ماۋۇ مۇناپىقنىڭ ئايىقىنى تۈزىتىپ ماڭاي "دېگەنمىش. هېلىقى خەنسۇ ئايىغىم ئۇنداق بولۇپ قاپتۇ. مۇنداق بولۇپ قاپتۇ دەپ ئۇيغۇراخۇننى جۇمەدىن قويغانمىش. ئاياغ ئوڭشۇلۇپ جامائەت جۇمەدىن يانغاندىن كېيىن خەنسۇ خېرىدار پۇلنى ئىشخانىدا بېرىدىغان بولۇپ موزدۇزنى ئەگەشتۇرۇپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلگەنمىش. ئۇيغۇراخۇننى ئىشخانىسىنىڭ ئىچكىرىدىكى بۆلۈمگە باشلاپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغانمىش. موزدۇز ئىچىدە ئولتۇرۇپ تاشقىرقى ئىشخانىدا ئۇيغۇر قۇلاقلارنىڭ هېلىقى خەنسۇ ساقچىغا دوكلات قىلغان ئۇ مەسجىدتە ئۇ خاتىپ ئۇنى دېدى، بۇ جامەدە بۇ خاتىپ بۇنى دېدى، مەسجىد ئالدىدا جامائەت بۇنى دېيىشتى، ئۇنى مۇلاهىزە قىلىشتى دېگەن مەلۇماتلارنىڭ هەممىسىنى ئاڭلىغانمىش. هېلىقى خەنسۇ ئىشنى تۈگىتىپ كىرىپ ئۇيغۇراخۇنغا ئۇيغۇرچە "قانداق كىم مۇناپىقكەن؟ سىنىڭ مىللىتىڭمۇ مەنمۇ؟ "دېگەنمىش ۋە پۇلنى بېرىپ يولغا سالغانمىش. بۇ هىكايەتنى قەشقەردە بىر قانچە كىشىدىن ئاڭلىدىم. ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بۇرۇن بۇنداق هىكايەتنى ئۇرۇمچىدە كۆپ ئاڭلىغان بولسامۇ پەرۋا قىلمىغانىكەنمەن. هازىر ئويلاپ باقسام هەممە خەقنىڭ ئاغزىدا، هەممە يەردە تارقىلىپ يۈرگەن هىكايەتتە بىر خەلقنىڭ ئورتاق تونۇشى ئەكس ئەتكەن بولىدىكەن.

يۇقارقى هىكايە ساختىا، بۇنى ئۇيغۇرغا پەقەت ئۇيغۇردىنلا زۇلۇم كېلىدۇ، ئۇيغۇرنىڭ


QQ:88510082
پەيكار ئېلكتابلىرى

پىشكەللىككە سەۋەپ ئۇيغۇرنىڭ ناچار خۇيلىرى دېگەن قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا توقۇپ چىقىشقان. مەيلى قەشقەردە ياكى باشقا ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە بولسۇن ئۇيغۇر خەنسۇنى مۇناپىق دەپ تىللىمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنى تىللايدىغان سۆزلىرى ئادەتتە تۇراقلىق بولىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ بۆلەك مىللەتنى بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئەمەس خەنسۇلارنى تىللايدىغان تۇراقلىق ھاقارەت سۆزلىرى ئىچىدە مۇناپىق دېگەن سۆز يوق. ئادەتتە ئۇيغۇرلاردا مۇسۇلمان مۇسۇلماننى مۇناپىق دەپ تىللايدۇ. بۇ ھاقارەت سۆزى قۇرئانى كەرىمدە بىر سۈرىنىڭ نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرىگۈچى مەنىسىدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرى ئېنىق بايان قىلىنغان. يەنە بىرى شۇنچە موھىم ئاخباراتلارنى يىغىشقا مەسئۇل خەنسۇ ساقچى بىر ئۇيغۇر موزدۇزنى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاڭلاشقا ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلمايدۇ. بىر خەنسۇ ساقچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش مۇناپىقلىق ئىللىتىنى بىر ئۇيغۇرغا تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنچە جاپا چېكىپ كېتىشىنى چۈشەنمەك تەرس.بۇنداق ھىكايىلەرنىڭ توقۇلۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس، ھەيران قالارلىقى بۇنداق ھىكايىلەرنىڭ يۇرت ئاتلاپ تارقىلىپ يۈرىشى ۋە ئاڭلىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىشى. ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئىشىنىشكە تېگىشلىك پاكىتقا ئەمەس ئىشىنىشنى خالىغان پاكىتلارغا ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇر مۇشۇنداق بىر پاكىتقا ئىشىنىشكە مايىل بولغاچقا مۇشۇنداق ھىكايىلار ئۇيغۇرئارىسىدا يايغىندۇر.

يۇقارقى توقۇلمىدا كىشىلەر يۈزلىنەلمەيۋاتقان بىر ھەقىقەت بار. ئويلاپ باقايلى، مۇناپىقلارنى مۇكاپاتلايدىغان ھېلىقى ساقچى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشخانىسى مۇناپىقلارنىڭ يىغىلىدىغان بىخەتەر سورۇنى بولمىغان بولسا ئاتالمىش مۇناپىقلار نەدە، كىم ئۈچۈن مۇناپىقلىق قىلار ئىدى. نىمىشقا شۇ مۇناپىقلار كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەمەس، ئاشۇنىڭ ئىشخانىسىدىلا مۇناپىقلىق قىلىلالايدۇ. مىللىتىگە مۇناپىقلىق قىلغانلار ئىزچىل پايدا ئالىدىغان، ئەقىدىسىگە سادىق بولغانلار دائىم زىيان تارتىدىغان بىر جەمئىيەتتە مۇناپىقلىق ئەۋج ئالامدۇ ياكى ئەقىدە ئۈچۈن ساداقەتمەنلىكمۇ. ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئىللەت مەلۇم مەنبەدىن چىقىدۇ ۋە مەلۇم سورۇندا مەۋجۇد بولۇپ

تۇردى.

ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئابدۇللاھ ئابدۇرەھىمنىڭ ”بۇ قىسمەتكە نېمە دەي ئۆزەمنىڭ شورى “دېگەن ناخشىسى مودا بولغان ئىدى. بۇ ناخشىدا خۇلاسىلانغىنى ياغاچنى كېسىدىغان پالتىنىڭمۇ سېپى ياغاچتىن بولىدۇ، قىرىلىش، قىينىلىش ۋە قىسىلىشلارنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇرنىڭ شورلۇق ئىللەتلىرىدۇر، دېگەن ھۆكۈمدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھۆكۈمنى 2009-يىلى ئامېرىكىغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئۇستاز ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىنىڭ ئاغزىدىن ”بىز تېخى ئۇيغۇر زۇلۇمدىن قۇتۇلمىدۇق “دېگەب شەكىلدە قايتا ئاڭلىدىم. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن مەزكۇر ھۆكۈمنىڭ ئاللىقاچان ئانام بىلەن دادامغىچە ئومۇملاشقانلىقىنى بايقاپ ئازاپلاندىم. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئاقىۋىتى ئۇيغۇرنى ئۇيغۇردىن بەزدۇرۇش، ئۇيغۇرنى بىرلىكتىن تەزدۇرۇش بولۇپ خۇلاسىلىندۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ بۇنچە يايغىن بولۇش سەۋەبىگە كەلسەك، مەيلى بۇ ھۆكۈمنى تارقاتقۇچى بولسۇن، ياكى ئىشەنگۈچى بولسۇن ھېچ بىر خىيىم خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ، ھېچ قانداق جاۋاپكارلىققا تارتىلمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرغا كۆلپەت ئىللەتلىك ئۇيغۇردىن كېلىدۇ دېگەن بۇ پەلەسەپە بۇ زاماندا مەۋجۇدلۇق ئېھتىياجى، قىممىتى ۋە شارائىتىغا ئىگە.

ئىككىنجى مەپكۇرە: ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقسىز بولغاچقا داھى چىقمايدۇ

ھىكايەت: تەڭرى چوكا بەرگەن ئۇيغۇر

مەنچە كىتاپ ئوقۇپ باققان ئۇيغۇردىن بۇ ھىكايەتنى ئىشتمىگىنى يوقمىكىن دەيمەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە تەڭرى مىللەتلەرگە بايلىقلارنى تەقسىم قىلماقچى بولۇپ ھوزۇرىغا چاقىرغانمىش. چاقىرىلغانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر كۆن چۈش بولغاندا ئاران كەلگەنمىش، ھەمدە بىردىن ۋەكىل كېلىدىغان يەرگە ئىككى بولۇپ كەلگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇلارغا بىر بىرىڭلارنىڭكىنى كولاڭلار دەپ ئىككى چوكا بەرگەنمىش. بۇ ھىكايەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش ئىتتىپاقسىزلىقىنىڭ مەنبەسى


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

چۈشەندۈرۈلگەن. مەنچە بۇ ھېكايەتنى رىياللىقنى قانداق چەشەندۈرۈشنى بىلمەيدىغان، ياكى بىلسىمۇ ئەڭ بىخەتەر چۈشەندۈرۈش يولىنى تاللىۋالغان نامەرت زىيالىيلار توقۇپ چىققان. بۇ ھېكايەتنى توقۇغۇچىلار ئۇيغۇرلاردىكى ئاتالمىش ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ مەنبەسىنى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىغان. بۇ ھېكايەتنىڭ ئەڭ ھەجۋىي يېرى، ئۇيغۇرلارنى ھوزۇرىغا چاقىرغان تەڭرىنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىكى بار، بىرى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرىدۇ، يەنە بىرى چوكىدا تاماق يەيدۇ، دائىم يېنىدا تەپرىق پەيدا قىلىدىغان چوكىسى تەييار. ئۈچىنچىسى چوكا (رەزىل ۋاستىنىڭ سىمۋولى) بىلەن ئۇيغۇرلارنى زىددىيەتكە سالىدۇ. مەنچە بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقسىز دېگىنى خەتەرلىك ئەمەس، ئەڭ خەتەرلىكى ئۇيغۇرلاردەك دىنىي تۇيغۇغا باي بىر خەلقنىڭ ئۆملىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىكىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشتۇر. ئۇيغۇرلاردا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى تەقدىر دەپ چۈشىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلاردىكى مەلۇم شارائىتتا، مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بىر يەڭدىن قول چىقىرالماسلىقنى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ چۈشەندۈرسەك خەلقنى تەقدىرگە تەن بېرىشكە ئۆگەتكەن بولىمىز.

ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش ئىتتىپاقسىزلىقتا سۆكىدىغان يەنە بىر ھېكايە تېخىمۇ تەۋىرگە قەرزدار. دېيىلىشىچە ئەگەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم) ئۇيغۇر بولغان بولسا ئۇيغۇرلار ئۇ زاتقىمۇ ئەگەشمىگەسكەنمىش. ئۇيغۇرنى ئىتتىپاقسىزلىقتا سېپستىدىغانغا بۇ قەدەر ئاشقۇن ھېكايەتلەرنىڭ جەمئىيەتتە تارقىلىشى، بولۇپمۇ قەشقەردەك ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىدە بىخرامان ئېقىپ يۈرىشى ئۇيغۇرنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاللىقاچان جامائەت ئېتراپ قىلغان ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار راستىنلا ئىتتىپاقسىزمۇ دېگەنگە كەلسەك، بۈگۈنكى ئۇيغۇرنى ئىتتىپاقسىزلىقتا، تەپرىقچىلىكتە ئەيىپلەۋاتقانلارنىڭ تۈتامغا چىققۇدەك، ھەممە ئۇيغۇر بىلگۈدەك پاكىتلىرى يوق. يىراقتىكىنى قويۇپ، ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيادىن ئۆتۈپ رېكورت ياراتقىنىنى، روزى سايىتنىڭ ساۋاتسىزدىن ساۋاتلىققىچەبولغان بارلىق ئۇيغۇرنىڭ شائىرىغا ئايلانغىنىنى، نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئوتقا كىرگىنىنى …خىيال قىلىپ باقساقلا ئۇيغۇرنىڭ ئىتتىپاقلىقى

بولمىسا يۇقارقى ھېچ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلار داھى بارمۇ يوقمۇ بىلمەيدۇ. ئەگەر بىلگەن بولسا، قايىل بولۇپ تاللىغان بولسا، سايلاپ باققان بولسا،بىلىش پۇرسىتى، قوللاش شارائىتى بولسا قوللىغان، ئەگەشكەن بولاتتى. ئۇيغۇردىكى ئىنتىپاقسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى چوكىنى ئالغان ئۇيغۇردىن ئەمەس شۇ چوكىنى بەرگەن، چوكىغا ئۆگەتكەن تەڭرىدىن ئىزدەش، ئۇنى دەرقەمتە تۇرۇپ تەنقىدلەش توسۇش مەسلىنىڭ نېگىزى. چوكا بېرىدىغان، چوكا تۇتقاننى قوغۇدايدىغان تەڭرىلا بولىدىكەن كولايدىغانلارنى توساش، تۈگىتىش مۈكىن ئەمەس.

ئۈچىنجى مەپكۇرە: ھۆكۈمەت ھەممىگە قادىر

سىنتەبىردە قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ بىر ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىنىڭ خادىم قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا دىققەت قىلدىم. ھەممىسىلا ئاتا-ئانىسىنى ئەگەشتۈرىۋالغان ئىمتىھانچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنى پۈتكۈزۈپ شەخسى دوختۇرخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلار ئىكەن. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا تۆرت بەش يىل بولغانىكەن. ھازىرقى ئىش ئورنىنىڭ مۇئاشى مەزكۇر ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىنىڭكىدىن تۆۋەن بولسىمۇ ئۇلار ۋاز كېچىشكە رازى ئىكەن. شەخسى دوختۇرخانا ھازىر ئويداندەك قىلغان بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بولمىغاچ كېيىنلىكنى ئويلىغاندا يەنىلا مۇشۇ ھۆكۈمەت دوختۇرخاناسى ياخشىمىش. ئۇيغۇر تىلىدا كېيىنلىك دېگەن ئەسلى ئۇ دۇنيا مەنىسىدىمۇ كېلەتتى. كېيىنلىكىمىزگە ياخشى دەپ ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىنى تاللىغىنىدىن قارىغاندا ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا باقىدىغانلىقى بەزەنلەرنىڭ كاللىسىغا سىڭىپ بولغان بولسا كېرەك.

بىر كۈنى بىر قانچە يېزا كادىرى بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ قالدىم. دېيىشىچە ئۈرۈمچىگە چىقىپتىمىش. ئاپتۇبوستىن چۈشۈپ سومكىسىنى ساقلىتىپ قوياي دەپ ھۆكۈمەتنىڭمىكىن دەپ بىر ئامانەتخانىغا كىرسە ئىشلەيدىغانلار خوجايىندىن تارتىپ خادىملىرىغىچە ھەممىسى ئۇيغۇردىنمىش. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەسكەن،

بىر ئىش بولسا ئىگە بولالمايدۇ، دەپ ئۇ يەردە ساقلاتمىغانمىش. بۇ گەپنىڭ قىزىق يېرى، قەشقەردىكى بىر يېزا كادىرى ساپ ئۇيغۇر ئىشلەيدىغان بىر يەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. ئۇيغۇرنىڭ بىر ئىشقا مۇستەقىل ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. شەخسلەرنىڭ ئىگىلىكىنى ھۆكۈمەتنىڭ بولمىغاندىكىن بىر تاسادىپىلىق يۈز بەرسە ئىگە بولالمايدۇ دەپ خاتىرجەم بولالمايدىكەن. خۇدايىم بۇيرىسا، خۇدايىم ساقلىسۇن دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭكى ساقلىمىسا شەخسىينىڭ ساقلىيالمايدۇ دېيىشلىرى ئاجايىپكەن.

بىر قانچە دېھقان بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت دېگەن سۆزگە ئاكا كەلىمىسىنى قوشۇپ ھۆكۈمەتكام دېيىشلىرى خۇددى قايسىدۇ بىر تۇققىنى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىرسى "مۇشۇ خەقلىنى دەيمەن، سىڭگەن نېنى يېسە بولمامدۇ، نېمە قىلالايدۇ ھۆكۈمەتنى؟ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىلمەيدىغىنى، قولىدىن كەلمەيدىغىنى يوق جۇما! "دېۋىدى يەنە بىرى "ھۆكۈمەت پەقەت ئىككىلا ئىشنى قىلالمايدۇ، بىرى ئاشلىق ياسىيالمايدۇ، يەنە بىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەيدۇ. مۇشۇلارنى قىلالىغان بولسا قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ دېسەك بولاتتى. "كىچىكىمدە ئاللاھ ھەممىگە قادىر دەپ ئاڭلايدىغان، ئۇلارنىڭ گەپلىرى ماڭا ھۆكۈمەت ھەممىگە قادىر دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

تۆتىنجى مەپكۇرە: شەخسنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىكى رازىلىق ئۆلچىمى

قەشقەر تىپىك سودا شەھرى بولغاچقىمىكىن تۇرمۇشتا رازىلىققا باغلانغان چۈشەنچىلەر بەكرەك خېرىدارلىق. قەشقەردە ھېيتتا خالىس پەتلىشىدىغان مەسجىدنى بىرلىك قىلغان جامائەت بىر بىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۆي ئۆيلەرگە باش تىقىپ ئۆتىشىدۇ. شۇنداق پەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق گەپلەر قۇلۇغۇمغا كىرىپ قالدى. "... ئۇنداق ئادەملەردىن ھۆكۈمەتمۇ رازى ئەمەس، خۇدايىممۇ رازى ئەمەس، ئاتا ئانىسىمۇ رازى ئەمەس، خوتۇن بالاۋاقىسىمۇ رازى ئەمەس. ئۇلار نېمىشقا ئۇنداق تۇخۇمنى

تاشقا ئۇرىدىغان ئىشلارنى تولا قىلىدىغاندۇر؟ ئادەمنى نېمىشقا تىنچ ياشىغىلى قويمايدىغاندۇ؟ "بۇ گەپلەر دائىم قۇلاق تۈۋىمىدىن كەتمەيدۇ. بۇ مېھمانلارنىڭ ئۇ كىشىلەردىن ھېچ كىمنىڭ رازى ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىۋالغانلىقى مېنى قىزىقتۇردى. ئەگەر بىر كىشىنىڭ تۇرمۇشى، مەۋجۇدلۇقى ھۆكۈمەتتىن تارتىپ پاشا قوڭغۇزغىچە ھەممىنى رازى قىلىش ئۈچۈن داۋام قىلسا كىشىلىك ئىززەت، قەدىر قىممەت، ھوقۇق، غورۇر، ئارزۇ خاھىش دېگەنلەر ھېچ نېمىگە ئەرزىمىسە كېرەك.ئۇلارچە شەخسنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھەممىنى باشقىلارنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىتراپقا ئېرىشىسە كېرەك. شەخسنىڭ مۇستەقىللىقى، قىممىتى، ھۆرمىتى، بەختى شارائىتنىڭ رازىلىقى بەدىلىگە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان جەمئىيەتتە ئىجادىيلىق، يېڭىلىق، جۇشقۇنلۇق، ئازادىلىك، پىداكارلىق ھامان يەكلىنىدۇ.

بەشىنجى مەپكۇرە: رىياللىقتىن تەسەللى تىلەش ۋە رىياللىقنى ساختا ھەقلىقلەشتۈرۈش.

قەشقەردە ھەممىنى بىلىدىغان، ئالەمنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرۈيدىغان كىشىلەر بار ئىكەن. بىر كۈنى بىرەيلەن "دەۋلىتىمىزنىڭ كېيىنكى رەھبىرى شى جىنپىڭ بولارمىش. شىجىنپىڭ دېگەن كىشىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىنمىش. "دەپ قالدى. ئېنىقكى بۇ گەپتە رىياللىقتىن تەسەللىي ئىزدەش خاھىشى بار ئىدى. مەندەك كىشىلەرگە بۇ گەپ ئەپسانىدەك تۇيغۇ بەرسىمۇ شۇ كىشى تەۋە قاتلامغا بۇ بىر زور تەسەللى ئىدى. ئۇمىدنى نوپۇزغا، جەمەتكە، مۇناسىۋەتكە باغلاش ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىر قاتلامدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق ھېكايەتلەر بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى تېپىشى تاساددىپىلىق ئەمەس ئىدى.

مەكتەپكە مۇۋاپىق بىر ئورۇننى ئىجارىگە ئالماقچى بولۇپ بىر قاسساپ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن "ماۋزېدوڭ قۇرئاننى جىق ئوقۇغانىكەن "دېگەننى ئاڭلاپ ھەيران قالمىدىم. چۈنكى بۇ رىۋايەتنى مەن خېلى

كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندىم. مېنى تاڭ قالدۇرغىنى "ماۋزېدۇڭ قوشۇنىنى جىق ئوقۇغان، كومپارتىيەنى قورغاندا قوشۇنغا ئۆيغۇن نىزامنامە بېكىتكەن. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى قوشۇنغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. "دېگىنى بولدى. شۇئان ئېسىمگە ماۋزېدوڭ ئۇيغۇر دېگەن لەتىپە كەلدى. تەسەۋۋۇرۇمچە مازېدوڭ كومپارتىيەگە قوشۇنغا ئۇيغۇن نىزامنامە بېكىتكەن دېگەنلىك مەۋجۇد ھاكىميەتنى دىنى جەھەتتىن ھەقلىقلەشتۈرۈش (ئىسلام ھاكىمىيتى دەپ تونۇش) ، مازېدوڭ ئۇيغۇر دېگەنلىك ھاكىميەتنى مىللىي(ئۇيغۇرلۇق) جەھەتتىن ھەقلىقلەشتۈرۈش (ئۇيغۇرنىڭ ھاكىمىيتى دەپ تونۇش) سانىلىدىكەن . رىياللىقنى دىنىي جەھەتتىن يوللۇقلاشتۇرۇۋاتقانلار دىنى زىيالىلار، مىللىي (ئۇيغۇرلۇق ) جەھەتتىن ھەقلىقلەشتۈرۈۋاتقانلار پەننىي زىيالىلار ئىكەن. ئىزدىنىش تورىدا قىززىغان ماۋزېدوڭنىڭ ئۇيغۇرلۇقى ھەققىدىكى مۇنازىرە يۇقارقى قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ. بۇنداق ھەقلىقلەشتۈرۈش تارىختىمۇ بولغان. 14- ئەسىرلەردە تۈگىگەن ئۆلىمالار موڭغۇللارنىڭ ئورنىغا ھاكىميەت تىكلىگەن چوڭ يۇئەن جاڭ جەمەتىنى مۇسۇلمان دەپ گەپ تارقىتىپ تۈگىگەن مۇسۇلمانلىرىغا ھاكىميەتنى ھەقلىق دەپ قوبۇل قىلغۇزغان، ئۇلارنىڭ ھاكىميەتكە مايىللىقنى كۈچەيتكەن. مەيلى تارىختىكى ياكى بۈگۈنكىسى بولسۇن، مەۋجۇد ھاكىميەتنى يوللۇقلاشتۇرۇش ساختىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان. تارىختا بۇنداق ئىشلارنىڭ راست يالغىنىنى ئايرىش بەسى مۈشكۈل ئىدى. بۈگۈنكىدەك ئۈچۈر دەۋرىدە تەيپۇنەم دەۋرىدىن قالغان ئۇسۇللار بىلەن ھاكىميەتنى ھەقلىقلەشتۈرۈش بەدىلىگە نىسىۋە تاما قىلىش ساددىلىلارچە ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئالتىنچى مەپكۈرە: ئۇيغۇرنىڭ يارىماسلىق تارىخىنى توقۇپ چىقىش ۋە كەمسىتىش

قەشقەردە ئۇيغۇرنىڭ يارىماسلىق تارىخىنى توقۇپ چىققان بىر ھىكايىنى ئاڭلىدىم. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئوسمان ئىبلى 1933- يىلى ئۈلۈغچاتتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇيغۇرلار ئارىلاشماي بىخارامان تىجارىتىنى قىلىۋەرگەنمىش. بۇ ئېنىقكى قۇرۇق گەپ. ئوسمان غازى قىرغىز بولغان بىلەن ئۇنىڭ

ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ماسلىششىشى بولمىغان بولسا ئوسمان غازى قەشقەرنى ئالالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1930-يىللاردا نەشىر قىلىنغان گېزىتلەردىن بىلىشىمىزچە ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر، ئۆزبېك دېگەن گەپلەر يوق ئىدى. ئۇزامانلاردا ئىسلامنى قوغۇداش ۋە يەرلىك ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتلەندۈرۈش شۇئارى كىشىلەرنى بىرلەشتۈرەتتى. ئەگەر مىللەت ئايرىش توغرا كەلگەندە قىرغىز، ئۇيغۇر، ئۆزبېك دېگەن 1949- يىلدىن كېيىنكى نام ئەمەس تۈرك دېگەن ئورتاق نام قوللىنىلاتتى.

ستالىن مەدھىيەلىنىدىغان زاماندا ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر رىۋايەت بولىدىغان. ئېيتىلىشىچە ستالىن روستىن قوماندانىم بولسا، خەنسۇدىن مەسلەھەتچىم بولسا، ئۇيغۇردىن ئەسكىرىم بولسا پۈتۈن دۇنيانى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتىم دېگەنمىش. بۇ ئەپسانىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىلمەيدىغانلار ئاز بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇنىڭغا ھەيران، نېمىشقا ئۇيغۇرلار روسنىڭ قوماندانلىقى، خەنسۇنىڭ مەسلەھەتى بولمىسا ھېچ ئىش قىلالمايدىغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بۇ رىۋايەتنى پەخىرلىنىپ تارقىتىپ، سۆزلەپ يۈرىدۇ؟ ئەجەبا ئۇيغۇر قوماندان بولسا، مەسلەھەتچى بولسا بولمامدىكەن. ئۇيغۇرنىڭ باتۇرلىقىنى ستالىنسىز، ستالىنىنىڭ دۇنيانى يۈتىۋېلىش قارا نىيىتىگە باغلىماي تۇرۇپ ئىسپاتلىغىلى بولمامدۇ. ئۇيغۇردىن قوماندان چىقمىغانمۇ. ئەگەر بۇ پاكىت بولىدىغان بولسا جەنۇبى ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىنى گومىنداڭنىڭ قولىدىن ئازات قىلىپ ئاقسۇغىچە باستۇرۇپ كەلگەن قوماندان سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ئۇيغۇر ئەمەسمىكەن. شۇ چاغدا سوپاخۇن غازى 200 گىمۇ يەتمەيدىغان قوشۇن بىلەن مۇز داۋاندىن چۈشكەن. گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدا ئاقسۇدىكى قوشۇنى ئون مىڭدىن ئاشاتتى. 1860-يىللاردىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۇچا ئۇيغۇرلىرى ئىنقىلابىنىڭ قوماندانى راشىدىن خوجا قارا يۇلغۇندا ئۆزىدىن ئون نەچچە ھەسسە جىق چىڭ قوشۇنلىرىنى يەر چىشلىتىپ كورلىنى ئالغانىكەن، بۇلار ئۇيغۇر ئەمەسمىكەن. راشىدىن خوجا، سوپاخۇن غازى قوماندان ئەمەسمىكەن. ئۇيغۇرنىڭ باتۇرلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ماختاش ئۈچۈن روسنىڭ قوماندانلىقى، خەنسۇنىڭ مەسلەھەتچىلىكى تەكىتلەنمىسە بولمامدىكەن. بۇ رىۋايەتتە ئۇيغۇر

قۇماندانلىققا، پىلان-لايىھەگە چولتا، پەقەت باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقىلا ماھىر دەپ كەمسىتىلگەن. بۇ رىۋايەتنى توقۇغۇچىلار ۋە تارقاتقۇچىلاردا ئۇيغۇرنى كەمسىتىش ۋە ئۇيغۇردىن كەمسىنىش خاھىشى كۈچلۈك.

خۇلاسە

ئاۋام ئۇيغۇردا رىياللىقتىكى خۇشاللىق، خاپىلىق، ۋەقە، ھادىسە، پىشكەللىك ۋە پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبىنى بىر بولسا ئۆزىدىكى ئاجىزلىقۋە ئىللەتلەردىن كۆرۈش، يەنە بىر بولسا غايىپ بىشارەتلەرگە ياكى خۇدايىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا جورورش، ئۈچىنجىسى ئۇرۇق پۇشتىنىڭ نەسەبىگە، تارىخىغا ۋە كەچۈرمىشلىرىگە باغلاش ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرنىڭ رىياللىقى چۈشەندۈرۈلىۋاتقان، باھالىنىۋاتقان ۋە مۇلاھىزە قىلىنىۋاتقان يۇقاقى رىۋايەت، پاراڭ ۋە سۆزلەنمەلەردە بۇ ئادەتنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەتنىڭ نۇرغۇن يېتىشسىزلىكلىرى بار، چۈنكى ھەر قانداق ئىشنىڭ كونكرېت سەۋەبى بولىدۇ. ھەرقانداق كۈلپەتنىڭ سەۋەبچىسى بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرغا كەلگەن كەلگۈلۈكلەرنى زامان ۋە ماكاننىڭ تۈرلۈك چەكلىمىلىرىگە قاراپ ھەرخىل شەكىلدە يومۇلۇتۇپ چۈشەندۈرۈش ئىلمىيلىك ۋە لىللاھلىق ئەمەس. يازمامدا مەن پەقەت ئۆزەم ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلەردىن بىر قانچىنى خۇلاسىلەپ باقتىم. بۇنداق بىر دىلبايان شەكلىدىكى يازمىدا ئويلىغانلىرىمنىڭ، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى يېزىپ، تەھلىل قىلىپ، خۇلاسە قىلىپ بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. بۇندىن كېيىن يەنە ئىمكان يار بەرسە بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى يەنە قەلەمگە ئېلىشىم، داۋاملىق تولۇقلىشىم ئېھتىمال.

# تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى سىيت نوچى
# گۈلەن

ئابدۇكېرەم ئابلىز ئورۇنلىغان ”سىيت نوچى “داستانىدىن ئارىيەدە سىيت نوچى ”شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى كەينىدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغالغان گېلاۋخۇي تەشكىلاتىغا قاتناشقان “دېيىلىدۇ. مەن بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن گېلاۋخۇيغا دائىر تارىخى ماتىرىياللارنى كۆرۈپ چىقتىم. گېلاۋخۇي دېگەن بۇ گورۇھ ئەسلى سىچۈەننىڭ گولو دېگەن يېرىنى مەنبە قىلغان بولۇپ بەزىلەر گېلاۋخۇي دېگەن بۇ ئىبارىنى گولو گورۇھى مەنىسىدىكى گولوخۇيدىن كەلگەن دەپ قارايدىكەن. بۇ گورۇھنىڭ زوزوڭتاڭ قۇرغان خۇنەن قوشۇنىدا تەسىرى كۈچلۈك بولغان. خۇنەن قوشۇنى لىيۇجىنتاڭنىڭ قوماندانلىقىدا شىنجاڭنى ئالغاندىن كېيىن گېلاۋخۇي قەشقەردە پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان. خەنسۇچە تارىخى مەنبەلەردە قەشقەردىكى گېلاۋخۇي ھەققىدە مەلۇماتلار بار، ئەمما ئۇيغۇرلاردىن بۇ گورۇھقا قاتناشقانلار ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بۇ گورۇھ 1912-يىلىنىڭ بېشىدا ئىسيان قىلىپ قەشقەرنىڭ دوتيىنى ئۆلتۈرگەنىكەن. شۇ زامانلاردا مويدىن خەلپە، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭنى باستۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن تۇڭگان قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى لى شوفۇ بىلەن بىر قاتاردىكى مافۇشىڭ گېلاۋخۇينى باستۇرۇپ قەشقەرگە تىتەي بولغان. ”سىيت نوچى “داستانىدا تىلغا ئېلىنغان ماتىتەي(مافۇشىڭ)، ماشاۋۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى خەنسۇچە تارىخى مەنبەلەرگە ئۆيغۇن، ئەمما داستاندا گېلاۋخۇيغا قاتنىشىپ تۈرمىدا ياتقان دېيىلگەن ھاشىم گېلاۋخۇي، ئۆلتۈرۈلگەن سىيت نوچىلارنىڭ گېلاۋخۇي تارىخىدا ئىسمى يوق. سىيت نوچىنىڭ گېلاۋخۇيدىكى ئۇستازى ھەققىدە ”سىيت نوچى “داستاندا

بولدى مېنىڭ يۆلەنچىم
گېلاۋخوي ھاشىم
چامباشلىقنى ئۆگەتتى ئۇ
قاتقاندا باشىم

دەپ يېزىلغان بولسا، ”ئۇيغۇر تارىخى قوشاقلىرى “دېگەن كىتاپتىكى سىيىت نوچى قوشاقلىرىدا

بولدى خەنزۇ ئۇتياشچى
لاۋ جاڭ ئاداشىم
ئۇ ئۆگەتتى چامباشى
قاتقاندا باشىم

دەپ يېزىلغان. بىز بۇلاردىكى پەرقلەردىن سىيىت نوچىنىڭ زادى كىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن گېلاۋخويغا ئەزا بولغىنىنمۇ بىلەلمەيمىز. قارىغاندا، ”سىيىت نوچى “داستانى ۋە ”ئۇيغۇر تارىخى قوشاقلىرى “دىكى سىيىت نوچىنىڭ گېلاۋخويغا قاتناشقانلىقىغا ئائىت تەپسىلاتلار 1949-يىلدىن كېيىن زاماننىڭ ئېھتىياجى بويىچە توقۇلغاندەك. چۈنكى سىيىت نوچى دەۋرىدە خەنزۇ دېگەن گەپ ئۇيغۇرچىدا قوللىنىلمايتتى، قەشقەردە خەنزۇ ئۇتياشچىلارمۇ يوق ئېدى. نۇرمەھەممەت زاماننىڭ ”ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى “ناملىق ئەسىرىدە سىيىت نوچىنى رۇسسىيەگە بېرىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېيىلگەن. ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن ”ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى “ناملىق كىتابتا ئۇنى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىكى گېلاۋخويغا قاتناشقان دېيىلگەن. ئېنىقكى، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ۋەقەلەر يا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، ياكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ يېتەكلىشىدە يۈز بەرگەن بولىدىكەن. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بىر ئىشنى باشلاش ئىقتىدارى يوقمىكەن. چوقۇم مەلۇم تاشقى كۈچنىڭ يېتەكلىشىنى دائىم قوبۇل قىلىشى كېرەكمىكەن. سىيىت نوچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەسىرىگە، قۇتلۇق


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

شەۋقىنىڭ تەسىرىگە، ئىسمايىل غاسپىرالىنىڭ تەسىرىگە، رىزائۇددىن پەخرۇددىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەمەلىيەتتە يۇقارقىدەك توقۇلمىلار باشقا ساھەلەردىمۇ خېلى جىق. مەسىلەن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شىنخەي ئىنقىلابى تەسىرىدە شەكىللەنگەن، ئۇيغۇر تېبابىتى جۇڭگو تېبابىتىنىڭ بىر قىسمى، ئۇيغۇرلار سەددىچىن سېپىلىنى قۇرۇشقا قاتناشقان…ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا يۇقارقى گەپلەر بولغان بىلەن خەنسۇچە جوڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى، جوڭگو تېبابەت تارىخى، جوڭگو مەدەنىيەت تارىخى دېگەن كىتابلاردا ئۇنداق گەپلەر يوق. بۇنداق گەپلەرنى ئۇيغۇرنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى رىياللىقنى زامانغا بېقىپ چۈشەندۈرىدىغان زىيالىلار توقۇپ چىققان. سىيىت نوچى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىكى گېلاخۇينىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇنى قىلغان، بۇنى تەۋرەتكەن دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆكزىنىڭ شاگىرتى، كەكمەنىر ئىسىملىك ئۇيغۇر شائىرى ”خەنزۇلار ئەزەلدىن بولمىش ئۇستازىم “دەپ شېئىر يازغان، دېگەندەك ئىنقىلابىي رىۋايەتلەرنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن.

سىيىت نوچى نېمە ئۈچۈن ئۆلگەن

بىرىنچى، خانلىققا ۋە خانغا بولغان ساداقىتى ئۈچۈن ئۆلگەن.
داستاندا يېزىلىشىچە سىيىت نوچىنى ماتتەيىنىڭ چېرىكلەرى باغلىغاندا قارشىلىق قىلمايدۇ، قېچىپمۇ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە چېرىكلەرگە

ھېچ گۇناھ يوق سىلەردە
خاننىڭ ۋاجىپ يارلىقى
يۇرت جامائەت خوش ئەمدى
رىزا بولۇڭ قەشقەرلىك
ئۇلۇغ ئۇششاق بارلىقى

دەپ قوشاق توقۇپ باغلىنىشقا رازى بولىدۇ. بۇ قوشاقتىن مەلۇمكى سىيىت نوچى

مۇسۇلمانلىق نوقتىسىدىن چىقىپ ”خانىنىڭ يارلىقىنى ۋاجىپ“دەپ بىلىدۇ. كۆلكىلىك يېرى سىيىت نوچى باغلانغان چاغدا جوڭگودا خان ئاللىقاچان تەختتىن چۈشكەن بولۇپ، جوڭگونى شىمالى مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتى باشقۇرىۋاتاتتى. بۇ ھۆكۈمەت ئىسلامدىكى پەرز، سۈننەت، ۋاجىپ دېگەنلەرنى ئېتىراپ قىلمايتتى. سىيىت نوچى شەرىئەتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بىر ھۆكۈمەتكە ئاتا بوۋىسىدىن قالغان شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بىلەن مۇئامىلە قىلغان. تۆۋەندىكى قوشاق سىيىت نوچىنىڭ ”خانىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ“دېگەن ئەقىدىسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەي ئامبال، دېدى گاڭگۈڭ
تەڭلىكتە تۇرۇپ قالما
خانىنىڭ ئالدىدا ئاسىي
گۇناھكار بولۇپ قالما

دېمەك سىيىت نوچى خانىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇشنى خالىمايدۇ، ھەم باشقىلارنىمۇ گۇناھقا قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئۇنىڭچە خان گۇناھكار ئەمەس. خانلىق تۈزۈم گۇناھكار ئەمەس، خانىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئاسىي، گۇناھكار. خانىنىڭ سىياسەتلىرى توغرا، زۇلۇم قىلىۋاتقانلار پەقەت بىر ئوچۇم پارىخور ئەمەلدارلار، يەرلىك باي غوجاملار. سىيىت نوچى ئۆزىنى بىلمەيدىغان. ئىتىقادىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، زالىم خانىنىڭ ”ۋاجىپ “بۇيرۇقىغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ ئۆلۈمگە رازى بولغان.

ئىككىنچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان ئەقىدىسى ئۇچۇن ئۆلگەن

سىيىت نوچى تۆزچى بوۋاينىڭ خەتنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىش ھەققىدىكى نەسىھىتىگە قۇلاق سالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ”ئامانەتكە خىيانەت نامەرد ئىشىدۇر “دەپ قارايدۇ. ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ئەقىدىسى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كۆرۈنمەس بىر مەۋجۇداتنىڭ ھەرقانداق چاغدا ئىنسانىنىڭ بارلىق قىلمىش- ئەتمىشلىرىنى كۆرۈپ

تۇربىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان خەلقنىڭ ئەزالىرى ئۇچۇن چەكلەش رولىغا ئىگە. بۇنداق ئەقىدىگە ئىگە بولمىغان خەلق ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەس. سىيىت نوچى ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ئەقىدىسىگە ئىشىنىدۇ، ئەمما بۇ ئامانەتنىڭ كىمنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىگە، ئامانەت بەرگۈچىنىڭ ئۆزى بىلەن ئەقىدىداش ياكى ئەمەسلىكىگە سەل قارايدۇ. ئادەتتە ئەخلاق مىللىي بولىدۇ. بىر خەلق ئۈچۈن ئەخلاقسىزلىق سانالغان قىلىق يەنە بىر خەلق ئۈچۈن ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، ئامېرىكىلىقلاردا پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن سىر ساقلىشى ئەخلاقا ئۇيغۇن، ئەمما بىز ئۇيغۇرلاردا ئۇنداق ئەمەس. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جا فامىلىلىك بىر پروفېسسورى ئۇيغۇرلارنى ئاخماق دەپتۇ. سەۋەبى ئۇ كىشى ئاقسۇغا بارغاندا ئۇيغۇرلاردىن ئۇرۇك ئالغانمىش. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئۇرۇكنى كىلولاپ ساتماي يەپ بولغاندا ئۇچكە (ئۇرۇقچە) سىنى ساناپ ساتقانمىش. ئۇنىڭچە ناۋادا خېرىدار ئۇرۇكنى يەپ ئۇچكىسىنى يوشۇرۇۋالسا ساتارمەن زىيان تارتارمىش. مېنىڭچە كىشى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئۇيغۇر ئەخلاقى بويىچە ساتارمەننىڭ قىلغىنى ئاخماقلىق ئەمەس، بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان خاڭجۇلۇق زىيالىنىڭ نەزىرىدە بۇ ئاخماقلىق. سىيىت نوچى باشقىلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە مۇئامىلە قىلغان ۋە بۇنىڭ جازاسىنى تارتقان. سىيىت نوچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە مەردلىك قىلغان، ماتتېينىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ئاخماقلىق قىلغان.

ئۈچىنجى، روھى قۇللۇق بەدىلىگە ئۆلگەن
سىيىت نوچىنىڭ روھىدا قۇللارچە خوجايىنىغا مايىللىق ۋە تاما بولمىسا ئىدى، ئۇچتۇرپاننىڭ ئامبىلى ماشاۋۋىنىڭ ئوردىسىدا ياتمىغان بولاتتى. ماشاۋۋىنىڭ ئوردىسىغا مېھمانغا ئەمەس ھاشىم جانبازدەك دوستلىرىنىڭ قىساسىغا بارغان بولاتتى. ھەمدە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى گېپىگە ئالدانمىغان بولاتتى.

قەشقەردىكى تىتەيگە
خەت يېزىپ بېرەي ئەكەت.

خەتنى كۆرسە ما تىنتەي ،
دەيدۇ ساڭا كۆپ رەھمەت .
سەن ئۆزۈڭ سېيىت گاڭگۈڭ ،
قىلدىڭ بىزگە كۆپ خىزمەت . .
ئەجرىڭ قەدرىگە لايىق ،
مەنمۇ بىلدۈرەي ئىززەت .

بۇ خېتىمنى ئاپىرىپ ،
بەر تىنتەيىنىڭ ئۆزىگە .
سېنى باشلىق قىپ قويار ،
تۇت دەرۋازىنىڭ بىرىگە ، .
باشلىق بولۇپ شۇندا سەن ،
ئويناپ كۈلۈپ ئۆتەرسەن . .
گاڭگۈڭ نامىڭغا لايىق ،
مۇرادىڭغا يېتەرسەن .

بۇ قوشاقلارغا قارىساق سېيىت نوچىنىڭ دوست نىمە، دۈشمەن نىمە ئايرىيالمايدىغان، ئىناۋەتنى خەلقتىن ئەمەس خوجايىنىدىن تىلەيدىغان، ئىنقىلاپنى ھۆرلۈك ئۈچۈن ئەمەس خوجايىنىنىڭ ئىنتىراپى ئۈچۈن قىلىدىغان ئاجىزلىقى ئەكس ئېتىدۇ. ئەسلى ئۇيغۇرلار بەرگەن باتۇر دېگەن ئاتاقلا سېيىت نوچىغا يېتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ يەنە ھاكىمىيەتنىڭ ئىنتىراپىغىمۇ ئېرىشمەكنى، خوجايىنىنىڭ ئىنئاملىرىغا نائىل بولماقنى تاما قىلغان. بۇنداق قۇللارغا خاس تاما تۆمۈر خەلپىدىمۇ بولغان، ئۇ كىشىمۇ خەلق بەرگەن خەلپە ئۇنۋانىغا قانائەت قىلماي ھۆكۈمەتنىڭ يىگجاڭلىقىغا قول بولغان. 1933-يىلى قەشقەرنى ئالغان تۆمۈر ئېلى ماشاۋۇۋدىن سىلىڭ دېگەن تامغىنى تارتىۋېلىپ بىر كۈن قەشقەرنى ئايلىنىپ داۋراڭ قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە ئۆزى قارشى تۇرغان ھاكىمىيەتنىڭ سىلىڭ دېگەن تامغىسىنى ئالغىنىغا خوش بولۇپ كەتكىنى ئېچىنىشلىق. ئۆزنامىغا تامغا ئويدۇرسا، ئۆز تىلى بىلەن ئۆزىنى ھۆكۈمران دەپ

جاكارلىسا بولمايدىغان نېمىسى بار. بۇلاردىن ئۆزىنى مالايلىققىلا يارالغاندەك، خوجايىنسىز ياشىيالمايدىغاندەك ھېس قىلىدىغان، پۈتۈن تىرىشچانلىقى پەقەت خوجايىندىن ئازراق مەرتىۋە تارتىۋېلىش بەدىلىگە بولىدىغان قۇللۇق روھىنىڭ يىلتىزى ۋە دائىرىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۈگۈنكى سىيىت نوچى

سىيىت نوچى داستانىنىڭ سىيىت نوچى قەتلى قىلىنغان ۋاقىتتىن كېيىن يېزىلغان بىرەر قولىيازمىسى يوق. بۇ داستان ئىزچىل خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن. زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭغا ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس تەركىپلەر قوشۇلۇپ ماڭغان. ئابدۇكېرىم ئابلىز "سىيىت نوچى"نى سەھنىگە ئېلىپ چىققاندىمۇ بەزى تەپسىلاتلارنى قوشقان. بۇنىڭ بىرى ئوردىدىكى ئۆرۈمە چاچ (سىيىت نوچى ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىت مافۇشىڭنىڭ 1915-يىلى ماشاۋۋۇنى ئۆچتۈرپانغا قوغلىۋېتىپ قەشقەرگە مۇستەقىل ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىنگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆرۈم چاچ ئالىلىقاچان ئەمەلدىن قالغان) ئەمەلدارنىڭ سىيىت نوچىغا ياخشىلىق قىلىشى، يەنە بىرى ئۇيغۇر جاسۇسنىڭ سىيىت نوچى ھەققىدە ئۆرۈمە چاچقا مەلۇمات يەتكۈزىشى. بۇ يەردە بۈگۈنكى تاماشىبىنلارغا يەتكۈزىلىۋاتقان ئۇچۇر؛ سىيىت نوچىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى جاسۇسلار تۇتۇپ بەرگەن، ئۆرۈمە چاچلىق ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىمۇ سىيىت نوچىنىڭ دۈشمىنى ئەمەس ئىدى ...دېگەندىن ئىبارەت. قىزىق يېرى، يەنە شۇ ئۇيغۇرنىڭ دۈشمىنى يەنىلا ئۇيغۇر. ھاكىمىيەت تۇتقانلار ئىچىدىمۇ سىيىت نوچىغا دوستلار بار ئىدى ...ۋاھاكازالار. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۆرۈمە چاچنىڭ مۇكاپاتى بولمىغان بولسا تولۇماقلىق ئۇيغۇر جاسۇسلۇق قىلالمايتتى. ئۆرۈمە چاچ ۋەكىللىك قىلىۋاتقان تۈزۈم جاسۇسلارنى قوغۇدىمىغان، تەربىيىلىمىگەن بولسا جاسۇسلۇق مەۋجۇد بولمايتتى.

سىيىت نوچى نېمە ئۈچۈن يادلىنىدۇ

سىيىت نوچىنى قەتلى قىلغانلار ئۆلدى، ئەمما سىيىت نوچى ئۆلمىدى، ئۇنىڭغا

ئاتاپ داستان يېزىلىپ مەدداھلىق سورۇنلىرىدا سۆزلەندى، دەرسلىك كىتاپلارغا كىرگۈزۈلدى، ناخشىلار ئېيتىلدى. 2011-يىلى ئابدۇكېرەم ئابلىزنىڭ ئورۇنلىشىدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. ئۇنداقتا سىيىت نوچى نېمىشقا ئارىمىزدا شۇنچە يىل ياشىيالايدۇ. مەنچە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇيغۇرلاردىكى باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىققا بولغان شەيدالىقتىن ئىزدەش كېرەك. ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىغا، ئادەملەرگە، دۇنياغا، ۋە ئۆزىگە مەردانە يۈزلىنىپ ياشىيالماسلىق ئەڭ قورقۇنچلۇقتۇر. ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆلۈم ھاياتنىڭ ئاخىرلىششى ئەمەس بەلكى يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى. ئۇيغۇرلارتارىختىن بېرى ياشىسا قورقۇمسىزلىق بىلەن ياشايدىغان روھنى قەدىرلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا "يا ئۆلۈم يا كۆرۈم "دېگەن گەپ بار. بۇ يەردە ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم ئارىسىدا پەقەت ئىككىلىنىش، ئارىلىق يوق بولۇپ ئۇيغۇرچە تەپەككۇردا پەقەت بۇنىڭ بىرىلا مەۋجۇد. يا ئارمانىڭغا يېتىسەن، يا ئارمان ئۈچۈن ئۆلىسەن. سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى قورقۇمسىزلىقى ئەزەلدىن قەھرىمانلىققا چوقۇنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئىھتىرام ئويغاتقان، شۇڭا سىيىت نوچىنىڭ پاجىيەلىك ئۆلۈمى ھەققىدىكى بۇ داستان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان شەكىلدە تەكرارلىنىپ كەلگەن ۋە تەكرارلانماقتا.

## قەشقەردىكى تىل خۇراپاتلىقى ۋە سۆز بوھرانى

گۈلەن

ئىسلام دۇنياسىدا ئىككىنچى بۇخارا دەپ ئاتىلىدىغان قەشقەر تولىمۇ سىپايە بىر شەھەر. قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر دۇنياسىغا مەشھۇر. بىر كۈنى دوستلارنىڭ چېيىدا ئولتۇرۇپ بىرەيلەننىڭ "ئەجەپ بۇنداق گاچا بولۇپ قالدۇق "دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ تاڭ قالدىم. سەۋەبىنى سورۇسام خەنسۇچە بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزىنى "گاچا "دەپ قارايدىكەن. بۇنداق گاچا بولماسلىق ئۈچۈن قانچە كۆپ يات تىل بىلسە شۇنچە بىلىملىك، شۇنچە ئىناۋەتلىك

سانىلارمىش. قەشقەردە گاچا بولماسلىق ئۈچۈن خەنسۇچىنى، دۇنيادا گاچا بولماسلىق ئۈچۈن ئېنگلىز تىلىنى چوقۇم بىلىش لازىمىمىش. ئۇيغۇرچە دېگەننى ئويناپ يۈرۈپ ئۆگىنىۋالارمىش، سۆزلىيەلىسىلا بولارمىش. قەشقەردە مۇشۇنداق قاراش بەزىلەردە مودا بولۇپ قالغانمىكىن، ئامېرىكىدىن يېڭىلا كەلگەن قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلىگىنى "ئاخبارات" قا ئايلىنىپ، "دۇنيانىڭ" نەرىگە بارسا قىينالمايدىغان "لىقى ھەۋەس بىلەن مەدھىيەلەندى. مەن تېخى قىزىمنىڭ ئانا تىلدا راۋان سۆزلىيەلمىگەنلىكىدىن ئۆپۈلۈپ، "قىزىم ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدۇ "دېگەننى تەرسىتە دەپ يۈرۈپتىمەن. قەشقەردە بەزى كىشىلەر خەنسۇچە بىلگەنلىكنى خىزمەتكە ئورۇنلاشقانغا، ياخشى كۆن كۆرگەنگە باراۋەر دەپ چۈشىنىدىكەن. قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچىنى ئوبدان بىلمىگىنىدىن ھەيران قالىدىغان، ئەيىپلەيدىغان دوستلارمۇ چىقتى. بىر قېرىنداشىمىز، بالىسىغا ئۇيغۇرچە ئۆگەتمىگەن ئامېرىكا نوپۇسىدىكى بىر ئۇيغۇر دوستنى باشقىلاردەك چوڭ بىلىپ كۆتۈپ كەتمەپتۇ. سىرىتتىلا مېھمان قىلىپ ئۆيىگىمۇ باشلىماپتۇ.

بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيى شەھەرگە يىراق يېزىدا بولغاچقا خەنسۇچە يەسلىگە تولىمۇ يىراقكەن. بۇرادىرىمىز ھەر كۈنى بەش ياشلىق قىزىنى موتۇ بىلەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خەنسۇچە يەسلىگە توشۇيدىكەن. قىزى ھەركۈنى "بارمايمەن "دەپ يىغلايدىكەن. بىر كۈنى قىز ئاپىسىغا "سەن نېمىشقا خەنسۇغا تەگمىگەن بولغۇيتۇڭ، دادام خەنسۇ بولغان بولسا خەنسۇچىنى ئۆيدىلا ئۆگىنەلەيتتىم "دەپتۇ. مەنچە يۇقارقى مىساللار سىياسەت پەيدا قىلغان تىل خوراپاتلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. بۇ ئاقىۋەتلەرنى چۈشەنمەك تەرس، ياكى تولىمۇ ئاسان. بەش مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغان قەشقەر ۋىلايىتىدە خەنسۇچە بىر سۆزنى دېيەلمەيدىغان مەسئۇل پەرزەنتلەر خەنسۇچە "قوش تىللىق "مائارىپنىڭ تەجرىبە بويۇمى-"مارودا "سىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتسا، كەنتتىن يۇقىرى ئورگانلاردا ئۇيغۇرچە قوللىنىلمايۋاتسا، خەنسۇچە بىلگەنلىكى كىشى ھوقۇقدا، مەنپەئەتكە ئېرىشىۋاتسا كىشىلەر خەنسۇچىغا چوقۇنماي قالامدۇ.

بىر كۈنى مەسجىدكە كىرىپ تامغا يېزىلغان "مەسجىدتە تېلفوننى ئېتىشكە

ئەھمىيەت بېرەيلى "، "يۇقۇرى ئاۋازدا پاراڭ سېلىش مەنئى قىلىنىدۇ "دېگەن جۈملىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ جۈملە شەھەردىكى ھەرقانداق مەھەللىنىڭ تېمىغا تەشۋىقات ئۈچۈن يېزىلغان بولسا خىيالىمغا كەلمىگەن بولاتتى. مەسچىتنىڭ ئىچىدىمۇ بۇنداق ھاكىمىيەت ئىرادىسىگە ماس جۈملىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى مېنى ئويغا سالدى. قاچاندىن بېرى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا "مەنئىي قىلىنىدۇ"، ئەھمىيەت بېرەيلى "دېگەن سۆزلەر دائىم قوللۇنىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ دائىم ھەممە ئىش مەنئى قىلىنىدىغان، ياكى مەنئى قىلىنماسلىق ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ تىل ئادىتىمۇ. تامغا يېزىلغانىنىغۇ ھاكىمىيەت شۇنداق يازدۇرغان دەيلى، ئەمدى مەسجىدنىڭ ئىچىگە يېزىلىدىغان سۆزلەرنىمۇ خەنسۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ يېزىش ئومۇملاشتىمۇ. ئەسلى ئۇيغۇرچىمىزدا "يۇقۇرى ئاۋازدا پاراڭ سېلىش "دېگەن گەپ يوق. بىز بۇنى "ۋارقىرىماق "دەيمىز. "تېلفوننى ئېتىشكە ئەھمىيەت بېرەيلى "دېگەن خەنسۇچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان جۈملە، بۇنى ئۇيغۇرچە "تېلفوننى ئېتىۋېتىڭ "دېسەكلا كۇپايە. ۋىۋىسكىلارغا قاراپ قويىمەن. قەشقەرنىڭ ئىدارە ئورگانلار توپلاشقان بۆلەكلىرىدە خەنسۇلار كۆپ بولۇپ بەزى ۋىۋىسكىلاردا ئۇيغۇرچە يوق، بولسىمۇ تولىمۇ كىچىك. ئۇيغۇرچە خەت بۇ يەرلەردە ئاندا مۇندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئۇيغۇرنىڭ گەۋدىسىدەك غىلىپال كۆزگە چېلىقىدۇ. "ئاياق كىيىم سېتىش، ئىش قوشۇش ئورنى"، "مېۋە چېۋىلەرنى سېتىش ماگىزىنى" "يېڭى پاقلان گۆشى سېتىش دۇككىنى..."دېگەندەك ۋىۋىسكىلارنى كۆرسەم ئۇيغۇرچىمىزدىكى "موزدۇزخانا"، "باققالخانا"، "قاسساپخانا "دېگەن سۆزلەرنىڭ يوقۇلۇپ كەتمىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. ئەگەر مۇشۇ پېتى داۋاملاشسا ھاجەتخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپ، بازار، مازار دېگەن سۆزلەرنى "تەرەت قىلىش ئورنى"، "داۋالىنىش ئورنى"، "ئوقۇش ئوقۇتۇش ئورنى"، "سېتىش، ئېلىش ئورنى"، ئۆلگەنلەرنى كۆمۈش ئورنى "دەيدىغان ئوخشايمىز. يېقىندا قەشقەردىكى مەن شىرىكلەشكەن نۇرخان مائارىپ تەربىيلەش مەركىزى ئىسمىنى "نۇرخان تەكرارلاش ئوقۇتۇش مەكتىپى "دەپ ئۆزگەرتىپتۇ. تارتاتقان تەشۋىقات ۋارىقىغا تۈركچە ئوقۇتۇش سىنىپى، ئېنگىلىزچە ئوقۇتۇش سىنىپى ئاچىمىز دەپ يېزىپتۇ. مەن رەسمى شىرىك بولغاندا بۇ ئىشلار ئاللىقاچان تاماملىنىپ بولغانىكەن. بۇ يەردىكى گەپ خۇددى بازار


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

دېگەن گەپنى سودا بازىرى قىلىپ قويغاندەكلا ئىش. دۇنيادا سودا بولمايدىغان بازار، ئوقۇتۇش قىلمايدىغان مەكتەپ، سىنىپ بولمايدۇ. بۇ خەنسۇچىدىن قىلىنغان ناباپ تەرجىمىنىڭ ئۇيغۇرچىنى پالاكەتلەشتۈرۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇلاردىن شۇنى بايقايمىزكى، ئۇيغۇرلىرى سۆزمەن دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەزىزانە قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەسجىدىدىن تارتىپ ماگزىن، مەكتەپلىرىگىچە خەنسۇچە تەپەككۇرغا بېقىنغان ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىشقا باشلاپتۇ. كۆنگەن يامانمۇ كۆيگەنمۇ دېگەندەك مەنچە بۇلارنى ھېچ بىر ئۇيغۇر خالاپ شۇنداق قوللانمايدۇ، بەلكى شۇنداق قوللىنىپ، ياكى دەپ كۆنۈپ قالغان بولىدۇ. كۆندە قاتنىشۋاتقان سىياسىي ئۆگىنىش، تاملاردىكى سىياسىي تەشۋىقات، گېزىت-ژۇرناللاردىكى مۇقۇملۇق تەرىبىيسى قاتارلىقلاردا قوللىنىۋاتقان خەنسۇ تىلى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىز ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا، تىلىغا تەسىر قىلىپ مۇشۇنداق تىل ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر تىل جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ساھەلەردە قوللىنۇلۇش پۇرستىدىن مەھرۇم قالغاندا تەبئىيكى نامراتلىشىدۇ، بوھرانغا دۇچار بولىدۇ.

# ئۇرۇمچىدە تالاشتا قالغان ئامېرىكىلىق

## ئاپتورى: گۈلەن

ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى

يېقىندا ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگەن تېكساسلىق جەيسىپنىڭ فەيىسبۇك (دوستلۇشۇش تورى) قا چىقىرىپ قويغان رەسىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. رەسىمدە ئۇ ئۆزىنى قارىمايدىن ئىزدەپ كېلىپ مېھمان قىلغان بىر توپقازاق قىزلارنىڭ رەسىمنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. قىزلارنىڭ كىيىنىشى ئامرىكىدىكى كېچىلىك كۇلۇپتا ئويناپدىغان قىزلاردىنمۇ بەكرەك ئامېرىكىچە ئىدى. جەيسىپ ئەسلى ئۇلارنىڭ

بىرسىنىڭ دوستى بىلەن تونۇشىدىكەن. بىۋاستە تونۇشمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ قەدەر قىزغىن ئىزدەشلىرىگە ئانچە كۆنۈك بولمىغان بۇ بۇرادەر تولىمۇ ھەيران قالغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئاق ھاراقنى ئۇ قىزلار بىلەن تەڭ ئىچەلمەي مەسخىرىگە قالغانلىقى ئۈنىڭغا بەك ئېغىر كەپتۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان قىزلارنىڭ ئوغۇلبالىچىلىقىنى ھاراق ئىچىش بىلەن ئۆلچىگىنى ئۈنىڭغا بەك تەسىر قىلىپتۇ. جەيسىپنىڭ يېزىشىچە ئون نەچچە قىزنىڭ شۇ بىر قانچە كۈن خەجلىگەن پۇلىنى ئۇ نەق بىر يىل خەجلەيدىكەن.

ئۇخاتىرىسىنى مۇنداق داۋام قىلىپتۇ. "بۇ يىل ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچىلاردىن تەلىيىمىز كېلىپ ئاران ئىككەيلەن ئۇرۇمچىدىكى ئېكىس ئۈنىۋېرسىتېتقا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىندۇق. مەن سىبرىق چاچلىق ئامېرىكىلىق، يەنە بىرەيلەن قارا چاچلىق شەرقى ئاسىيالىقلار پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىق ئىدى. بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قىزلارنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق. شەرقى ئاسىيا نەسىللىك ئامېرىكىلىق بۇرادەر تەلەيلىك چىقىپ بۇقورشاۋنىڭ سىرتىدا قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئادەملەر بۇ يەردە كۆپكەن، شۇڭا ئۇنى ھېچكىم ئامېرىكىلىق دەپ "ھۇجۇم"غا ئۇتمىدى. مەن بۇ قورشاۋدىنقاچقانچە چىقالماي قالدىم. قازاق قىزلار كىرىدۇ، ساڭا قازاقچە ئۆگىتىمىز بۇ دېگەن دۆلەت تىلى، مۇشۇ تىلنى ئۆگەنسەڭ ئەس قاتىدۇ، خەنسۇچە ئۆگەنسەڭمۇ بىز تەييار دەپ،خەنسۇ قىزلار كىرىدۇ، نېمە قىلسەن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ، ئۇيغۇرتىلى ئىشلىمەيدۇ، بىزدىن بىراقلا خەنسۇچە ئۆگەن دەپ، ئۇيغۇرقىزلار كىرىدۇ، ھەقسىز ئۇيغۇرچە ئۆگىتىپ قويايلى دەپ…مېنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىم يوقاپلا كەتتى. كۈندە ئولتۇرۇش، كۈندە جىر، كۈندە تانسا، كۈندە دىبا (قىزنىق يېرى ئۇدىبا سۆزىنىڭ يېنىغا كېچىلىك كۇلۇپ دەپ يېزىپ قويۇپتۇ). ماڭا ئەڭ غەلىتە تۇيۇلغىنى نەچچە سائەت يول مېڭىپ قارىمايدىن كەلگەن قازاق، ئۇيغۇر قىزلار بولدى. ئۇلارئۇرۇمچىگە مەخسۇس نەچچە مىڭ پۇللۇق كىيىم ئالغىلى كېلىدىكەن. ھەر كەلگەندە چوقۇم بەش يۇلتۇزدىن تۆۋەن مېھمانخانىدا تۇرمايدىكەن. مەن شىنجاڭدەك نامرات يەردە مۇنداق بايلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. دەسلەپتە ماڭا ئويۇندەك تۇيۇلۇپ كارىم بولمىدى.

ئۇلارنىلەن ”بىخەتەر“ئارىلىشىۋەردىم. بارا-بارا بۇنداق چەكلىمىسىز تۇرمۇشتىن زېرىكتىم.بۇنداق ھاياتنىڭ، بۇنداق قىزلارنىڭ تەمىدىن تويۇشقا باشلىدىم. كۆزۈمگە خەنسۇمۇ،قازاقمۇ، ئۇيغۇرمۇ ئوخشاش تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن شۇنىڭغا ھەيران  مېنى قارىمايدىن ئىزدەپ كېلىپ ھارمايدىغان قىزلارنىڭ بۇگۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئەرتىسى بۇنىڭ بىلەن ئارىلاشسام نېمىشقا ئاچچىقى كەلمەيدىغاندۇ. قىزىق يېرى بۇگۈنى بىر دوستىنى باشلاپ كەلگەن قىز ئۇنى يولغا سالسام يەنە بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ، مۇشۇنداقمۇ غەلىتىلىك بولامدۇ. ئۇلار بىلەن ئىچكەن ھاراقنى، تونىگەن كېچىلەرنى ئويلىسام قۇسقۇم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ساددىلىقىغا ھەيران قالىسەن. ئۇلارنىڭ بىرلا مەقسىدى بار،ماڭا خەنسۇچە، ئۇيغۇرچە ياكى  قازاقچە ئۆگەتمەكچى بولغان قىز مېنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىدۇ دەپ تاما قىلىدۇ. مەن سەل ئۇزاقراق ئارىلاشقانلىرىمغا دەپ قويدۇم،ئامېرىلىكلىقلارنىڭ بۇنداق ھەسسىياتنى سودىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۆچلىكىنى، بىلمىدىم ئۇلار راستىنلا چۈشەنمەمدۇ، ياكى چۈشەنسىمۇ ئۇلارنىڭ باشقا بىر خۇمارى بارمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

مەن ئۈرۈمچىدە ئىككى ئاي تۇرۇپ قارىمايغا بەش ئالتە قېتىم چىقتىم. مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى 80- يىللاردا چوڭ بولغان ئۇيغۇر ۋە قازاق قىزلاردىكى چەتئەل مەستانىلىقى بولدى. ئۇلارنىڭ ئاتا ئانىلىرى مانچە بالام چەتئەلدەدېگەننى بەكمۇ ئۇرغۇلۇق قىلىپ مەغرۇر  سۆزلەيدىكەن، ئۇلارچە بۇ غەلىبىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. قىز ئوغۇللار چەتئەللىكلەر(ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى چەتئەللىلەرياۋۇپالىقلار ياكى ياۋرۇپا چىرايدىكىلەرنى كۆرستىدىكەن) بىلەن بىللە ماڭغاننى ئالاھىدە بىرخىل سالاھىيەت ھىساپلايدىكەن. قىزىق يېرى ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا، پىرانسىيە، كانادا،ئاۋىستىرالىيە، گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، گوللاندىيە قىزغىنلىقى بار ئىكەن. بىردوستۇمنىڭ دېيىشىچە ئۈرۈمچى ۋە قارىمايدا يۇقارقى دۆلەتتىكى بىر يىگىت بىرەر قىزبىلەن تويلۇشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتەلىسە قىزلار تويلۇق ئالمايدىكەن، قىزنى ئاتا ئانىسى كىرا قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدىكەن. مەنمۇ قەشقەرلىك بىر يىگىتنىڭ تويىغا قاتناشتىم،ئۇ ياپونىيەگە ئېلىپ چىقىش شەرتى بىلەن قىزغا تويلۇق بەرمەيدىغانغا پۈتۈشۈپتۇ. مېنىڭ ھەيران قالغىنىم، مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن قازاق بولسۇن بۇلار مۇسۇلمان، مەن ئىسلامدا

تويلۇقنىڭ چوقۇم بېرىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىمەن. ئۇلارنى بۇ مۇقەددەس دىنى ئەھكاملىرىدىنمۇ تاندۇرۇپ چەتئەلگە تەلپۈندۈرىۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكى ماڭا مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ تۇيۇلدى.“

مەن بۇنداق قىزلارنى تۈركىيەدىمۇ كۆرگەن. تۈركىيەدە بۇنداق قىزلارنىڭ ھالى تېخىمۇ ئۆزگىچە. ۋەتەندىن تۇردا تونۇشقان يىگىتنى دەپ چىققان بۇ قىزلارنىڭ تەلىيى بارلىرى رەسمىي توي خېتى ئېلىپ قانۇنلۇق بىللە ياشايدۇ. يەنە بىر قىسمى نىكاھلىقلا بولۇپ قانۇنىي كاپالەتسىز ھاياتنى مەجبۇرى داۋام قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئىككىنچى نىكاھلىق خوتۇن بولۇپ قېقىلىپ سوقۇلىدۇ. ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كەتكەن بىر كىنو ئارتىسىنىڭ ئۇيغۇر گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغان قىزنى ئەنقەرەدە ئىككىنچى خوتۇن ھالىتىدە ئۇچراتتىم. ئېرى بىرىنچى ئايالىنى تۇققان يوقلاشقا ۋەتەنگە يولغا سېلىۋېتىپ بۇ قىزنى ئۈرۈمچىدىن ئەكىلىۋاپتۇ. بىرىنچى ئايالى قايتقاندىن كېيىن بۇ قىز ئىستانبولدىمۇ تۇرالماي ئەنقەرەگە يېنىپ كەپتۇ. مەن ئۇ ئارتىسىنىڭ ئىنتۇت ۋە كىنولاردىكى رول ئېلىشىغا بەك قايىل بولغاچقا بۇ ئىشنى پەقەت ئۇنتۇلمىدىم. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بايقىدىمكى ئۇيغۇر قىزلىرىدىن ئامېرىكىلىققا تېگىپ كەلگىنى خېلى باركەن، ئامېرىكىلىق قىزدىن ئۇيغۇرغا ياتلىق بولغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانلار يوقكەن. بۇلتۇر پاكىستانلىق بىر كىشى بىلەن توي قىلغان بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ پاكىستاندا ئۆيدىن تۆت نارەسىدە بىلەن قوغلانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. مەن ياشىغان ئىچكىرىدىكى شەھەردە بىز بىلەن يېقىن باردى كەلدى قىلىدىغان بەش ئايالنىڭ ئېرى خەنسۇ ئىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۈنىۋېرسىتېتتىكى ياغلىقلىق قىزلارنىڭ تۇڭگان قارىلىرىغا ئەگىشىپ، خەنزۇۋان قىزلارنىڭ خەنسۇ يىگىتلەرنى قولتۇقلاپ ئوقۇشنىمۇ پۈتتۈرمەي كېتىپ قالىدىغان ئىشلارغا شاھىد بولدۇم. ئۈرۈمچىگە قايتقان بىر تەتىلدە ئايدەك چىرايىنى چەككەن ياغلىقى نۇرلاندۇرىۋەتكەن قىزلارنىڭ ئەرەبچە كۇرۇسلارغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئەمما بىر داڭلىق ئۇيغۇر زىيالىيسىدىن ”ئۇ قىزلار ئەرەب دۆلەتلىرىگە ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ئەرەبچە ئۆگىنىدىكەن“دېگىنىنى ئاڭلىدىم. (بۇ قاراشقا قوشۇلۇشقا ئاساسىم يوق). نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ قىزلىرىمىز نېمىشقا ياتنىڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟

1. ياتقا مايىل قىزلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى

مەن خەنچە ئوقۇغان بىر سىنىپقا ئىككى يىلغا يېقىن دەرس ئۆتكەن. شۇ سىنىپتىكى خەنسۇ يىگىتلىرىگە مايىل قىزلارنىڭ مۇنداق جاۋاپلارنى بەرگەنلىكى ئېسىمدە. ”ئۇيغۇر يىگىتلەر قوپال، قىزلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ، خوتۇننى ئۇرالىغاننى ھەقىقى ئەرلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ، ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ، ئىددىيىسى خۇراپىي، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئەمەس، ياۋايى“...

خەنسۇغا تەگكەن ئاسپىرانت قىزنىڭ ھېكايىسى

”مەن قاغىلىقتىن، بىز تۆت ئاچا سىڭىل. مەندىن چوڭ ئۈچ ئاچام ئۇيغۇر بىلەن توي قىلغان. ئىككىسى بىردىن بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتتى. بىرسى پەقەت ئىككى بالىسىنى دەپلا چىداپ ياشاۋاتىدۇ. ئېرى ئۆي ئىشلىرىغا قەتئى قاراشمايدۇ، ئىقتىسادنى ئېرى باشقۇرىدۇ، خالىغانچە بۇزۇپ چاچىدۇ، ھاراق ئىچىپ ئاچامنى ئۇرىدۇ. خىزمەتنى ئاچاممۇ ئوخشاش قىلىدۇ، پۇلنى ئاچاممۇ ئوخشاش تاپىدۇ، لېكىن ئۆينىڭ بارلىق يۈكى پەقەت ئاچامغىلا قاراشلىق. ئاتا-ئاناممۇ بالىسى بار دەپ ئاجرىشىشقا قوشۇلمايدۇ. شۇڭا خەنسۇ بىلەن توي قىلىشىمغا ئاتا-ئاناممۇ رازى.“

ئۇ قىزغا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئايالالار ھەتتا خەنسۇغا تەگكەن بىر ئايالمۇ قوشۇلۇپ نەسىھەت قىلغانمىش، لېكىن كار قىلمىدى. مەن ئۇ قىز بىلەن خېلى جىق پاراڭلاشقان ئۇنىڭ ساپالىق بىر قىزلىقىنى بىلىمەن. ئارزۇلىرى شۇ ياشتىكى خېلى خېلى قىزلاردا يوق ئېدى. لېكىن ئالى مەكتەپتىن تارتىپ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىنى تۈگەتىپ تويلاشقىچە يىگىتى بىلەن بىللە يېتىپ قوپۇپ يۈرۈشكەنمىش.

ئۇيغۇرغا تەگكەن ئايالنىڭ قارىشى

ياپونىيەنىڭ بىر تېلۋىزىيە ئىستانسىسىدە كۆرسىتىلگەن ھۆججەتلىك فىلىمدە بىر ئۇيغۇر دېھقان ئايال ”ئۇيغۇرغا تەگسە مۇشۇنداق ھەم ئېتىزدا ئەر بىلەن تەڭ ئىشلەپ، ئۆيگە كېلىپ ئەرنىڭ قوسقىنى بېقىپ، بالا بېقىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ئەركىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، قېينى ئانا قېينى ئاتىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ مۇشۇنداق قېرىپ كېتىدىغان گەپ، خەنسۇغا تەگسە سىزگە ئوخشاش ئاپئاق، چىرايلىق تۇرىدىغان گەپ“...

2.ياتلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى

ئۇيغۇر قىزغا ئاشىق بولغان خەنسۇ

مەن ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى ھەققىدە قەشقەردە بىر تونۇش خەنسۇدىن سورىدۇم. ئۇنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزىغا شاپاشلاپ يۈرگىنىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ”سىلەر ئۇيغۇرلار ئاياللىرىڭلارنى تەڭ كۆرمەيسىلەر. مېنىڭ بايقىشىمچە ئۇيغۇر ئاياللىرى ئېرىدىن ئاشقان تاماقنى يەيدىكەن، لېكىن ئۇيغۇر ئەرلىرى خوتۇنىدىن ئاشقان تاماقنى يېمەيدىكەن. ئۇيغۇر ئەرلىرى بىر يەرگە بارسا خوتۇنىغا دەپ قويمايدىكەن، لېكىن خوتۇنىنى بىسوراق ھېچ يەرگە چىققىلى قويمايدىكەن. ئۇيغۇر ئەرلىرى ئولتۇرۇشتا ھاراق ئىچىدۇ، لېكىن ئاياللىرىنى پىۋا ئىچكىلىمۇ قويمايدۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئەرلىرىلا باشقۇرمايدۇ، ئەرنىڭ ئاتا-ئانا ۋە قېرىنداشلىرى تەڭ باشقۇرىدۇ.“

خەنسۇ زىيالىسىنىڭ چۈشەندۈرىشى

”ئۇيغۇر ئەرلىرى قوپال، بىر ئاز ياۋايى، خەنسۇ ئەرلىرى مۇلايىم، مەدەنىي. ئۇيغۇر

ئايالللىرى چىرايلىق، ھەم چىرايلىق يۇرۇشكە ئالاھىدە ئامراق، ئۇيغۇر ئەرلىرىدە بۇنى قامدىغۇدەك يېتەرلىك پۇل ۋە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگىدەك مەدەنىيلىك يوق. ئۇيغۇر ئەرلىرى خوتۇنىغا گېرىم بويۇملىرى ئېلىپ بەرگەننى نومۇس بىلىدۇ. ئۇيغۇر ئايالللىرى پەدەزگە ئامراق. مەن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ”خوتۇنۇڭغا ئوسما ئېلىپ بېرەرسەن “دەپ تىللاشقىنىنى ئاڭلىغان. ئازاتلىق ئارمىيە خوتەنگە بارغاندا كوچىلارنى سۈپۈرۈپ، ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇپ، تېزەك تېرىپ، ئوت قالاپ يۈرگەندە ئۇيغۇر ئايالللىرى ‘خەنسۇغا تەگكەن خوتۇن خانىشتەك ياشايدىغان ئوخشايدۇ ’دەپ قالغانىكەن. “بۇ كىشى ئۇيغۇرچە بىلىدۇ. ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپرەك مەلۇم ئالىي مەكتەپتە پروففېسسور. يۇقارقىلاردىن باشقا چالا پۇلا يازمىلار ۋە كۆزىتىشلەردىن ئۇيغۇر قىزلىرى ”جوڭگۇدا كەم ئۇچرايدىغان ئوتتۇرا شەرق مۇسۇلمان دىلبەرلەر) “م، ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرىدىكى رىستورانلاردا ئەرەبلەردەك كىندىكىنى ئېچىپ، يۈزىنى يېپىپ قورساق، كاسا ئاتىدىغان ئۇسۇلغا سېلىنىدۇ. ئېنىقكى بۇ ئەرەب رەققاسلىرىنىڭ كىيىنىش شەكلى، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاچقا، خەنسۇلار مۇسۇلمان دېسە ئەرەبلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان، شۇ ياغلىق قاپاقنى ئۇيغۇرلارغا كەيدۈرىدىغان گەپكەن.) يىپەك يولىغا ئائىت بۇددىزىم رەسىملىرى ۋە مىلىك ئۆيلەردە تەسۋىرلەنگەن ھىندۇ-پارىس گۈزەللىرى“، مىلىك بىر كېچەدە تەسۋىرلەنگەندەك، ”سىرلىق قەسىرگە بەنت قىلىنغان ئەركىنلىككە تەشنا ساھىپجامالللار، ”، ”ھەسسىسىياتچان، ئىشرەتخور، ئوچۇق ( ھەتتا قوپاللىراق دېسەك ئىشتان بېغى بوش) ياۋا گۈللەر .“مەن بۇلارنى 2000-يىللارنىڭ باشلىرىدا خەنسۇچە تورلاردىكى يازمىلاردىن ۋە پاراڭلاردىن بايقىغان. ئەمما ئۇزاققا قالماي، ئوخشاش مەزمۇندىكى تورلار ۋە مەزمۇنلار ئېچىلماس بولدى. مەن 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن بىرقىسىم خەنسۇچە توربەتلەردە تەلۋىلەرنىڭ ”ئۇيغۇر جىنسبازلىرى ۋە قىزلىرىنى زورلاۋانلىق، ياۋايىلىق ۋە زۇلۇمدىن ئازات قىلايلى “دېگەن شۇئارلارنى كۆرۈپ ئەجەپلەنمىدىم. بۇ پەقەت شەھۋانى تورلاردىكى ”شىنجاڭ(ئۇيغۇر) قىزلىرى “ھەققىدىكى تېمىلاردا تولا دېيىلگەن گەپلەرنىڭ ئازاراق سىلىقلاشتۇرۇلۇشى ئىدى. ئىچكىرىدىكى چاغلىرىمدا بىر خەنسۇ ئايال مۇئەللىم بىلەن ئۇيغۇر ماقال-تەمسىللىرى ھەققىدە تېما ئىشلىدۇق. گەپ

ماقالىلاردىكى مەدەنىيەت ھەققىدە سۆز بولۇۋېدى، ”ئۇيغۇر قىزلىرى خەنسۇ قىزلىرىدىن بەكرەك ئوچۇق، ئىشرەتخور، شىنجاڭ دېگەندە ئادەم ئاز يەر كەڭ بولغاچقا ئەر ئايالىلار مۇناسىۋىتىگە دائىر تەقىپ ۋە توساقلار خەنسۇ جەمئىيىتىدىكىگە قارىغاندا ئاز…“ دەپ قالدى. يۇقارقى مەزمۇننى ئىسپاتلايدىغان ماقالىلارنى تېپىپ بېرەرمىشمەن. مەن ئۇنىڭغا بۇ گېپىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. بىللە يازغان ماقالىمىز نەشىردىن چىققاندا قارىسام يەنىلا ”ئۇيغۇر قىزلىرى كۆڭلىنى ئەرلەرگە بايان قىلالايدۇ، خەنسۇ قىزلىرىدىن كۆپ ئوچۇق“ دەپ يېزىپتۇ، ھېچ ئاساس كۆرسەتمەي. 2009-يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدا ئون نەچچە يىل تۇرغان مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭمىڭ بىر خەنچە پروگراممىدا ”ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتىدە يۈرەكلىك، ئوچۇق“ دەپ ئاتايىن دەپ ئۆتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن شەخسىي مەتبۇئاتى يوق. ئۇيغۇر ئاۋامنىڭ چىن ھالىتىنى پەدەزسىز، تەرەپسىز، ئالدىن بېكىتىلگەن پىلان مەقسەتسىز ئايان قىلغان نوپۇزلۇق ھۆججەتلىك فىلىملەر تېخى بارلىققا كەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى ھەققىدىكى يۇقارقى تەرەپباز، خىيالىي، بۇرمىلانغان، جىنسىيلەشتۈرۈلگەن، جىسمىلاشتۇرۇلغان قاراشلار ئۇيغۇرقىزلىرىنىڭ ئۇسۇللۇق بەدىنى سەھنىدە ئومۇملاشقانچە تېخىمۇ ئومۇملىشىدۇ.

بۇلار مەن بۇرۇن كۆرۈشكەن كىشىلەر، ئوقۇغان يازمىلار ۋە ئاڭلىغان ئىشلارنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرى. بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالە يېزىش ئىستىكىم بولمىغاچقا ھازىرلىقسىز بولغاچ مۇشۇنچىلىك يازاي. ئامېرىكىلىق ئەرلەرنىڭ بۇ مەسىلگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشكە ئىمكانىم بولمىدى. جەيسىپنىنىڭ ئېيتقانلىرى بىرەر ئېنىق مەسىلىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ناۋادا ئوقۇرمەنلەر بۇ تېمىغا زىيادە قىزىقسا ئېھتىياجغا قاراپ يەنە داۋاملىق كۈزۈتۈپ داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشىم مۇمكىن.

3. مەن قانداق يېشىمەن؟

ئومۇملاشتۇرغاندا يات ئەرلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇر قىزلىرى ئېچىلمىغان بوزلۇق، تەرەققىياتقا، زامانىۋىيلىققا، مەدەنىيلەشتۈرۈشكە، ئازاد قىلىنىشقا مۇھتاج بىر كوللىكتىپ.

ئۇلار خوراپىي، ياۋايى، زوراۋان، ھورۇن، نامرات ئەرلەرنىڭ قولىدا قول، ئويۇنچۇق بولماقتا. بۇ نۇقتىلاردا ياتلارنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇر قىزلار كۆرۈنمەس ۋە سانىغۇسىز بىر توپ ئەمەس، بەلكى كونكرېت بىر جىسىم. يەنى ئىگىلىۋېلىنغان كونكرېت بىر شەيئى. ئۇلار نائىنىق بىر توپنى كونكرېت بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇ گەۋدە گۈزەل، جەلپكار، بېسىۋېلىنغان، بۇ گەۋدە ئەڭ موھىمى "ئايال". "ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۆزلىرى قۇتقازغۇچى، ئىسلاھاتچى. ئۇيغۇر قىزلىرى زامانىۋىلىقا مۇھتاج، قىزلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە تېنىدىن "زامانىۋىلىق "قا ئېرىشىدۇ. ئۇزلىرىچە ئۇلار مەدەنىي، باي، يۇقۇرى تەربىيەلىك تەبىقە، قىزلارنىڭ ئۇلارغا ئېرىششى مەدەنىيەتكە، سالاھىيەتكە، بايلىققا ئېرىشكىنى. قەشقەردە بىر ئۇيغۇر گۈزىلىگە بىر قانچە خەن خىزمەتدېشى "سەن ئىچكىرىگە ھېچ بولمىغاندا ئۇرۇمچىگە كەتكەن بولساڭ شىياڭگاڭلىق زەردارلارغا ئەرمەك بولغۇدەك پۇرسىتىڭ بار ئىېدى "دېگەننى نەچچە قېتىم دەپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى ئۇلارچە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى زەردارغا مەنسۇپ. جامائەت پىكرىنى باشلىيالايدىغانلار بايلارۋە ئۇلارغا پاس چىقىرىپ جان باقىدىغان ئەمەلدار ۋە قەلەمدارلار. ئۇلار ساياھەتكە كېلىشىدۇ. مەقسىدى رىقابەت كەسكىن ، تۇرمۇش جىددىي ۋە ھەممە نەرسە تاۋارلاشقان جەمئىيەتنىڭ بېسىملىرىدىن قېچىش. ئىزدەيدىغىنى يۇقۇرى ئىستىماللىق قىممەت رايۇنىدا ئېرىشەلمەيدىغان نىسبەتەن ئەرزان "مۇلازىمەت"لەر، زامانىۋىلىقتىن مۇستەسنا يوچۇن جەمئىيەت ۋە بۇ جەمئىيەتتىكى "ئىپتىدائى "كىشىلەر. يەنە بىرى ئۇلار ئۆزلىرىنى 21-ئەسىردىكى ئىلغار دەۋىرگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ زامان چېكىنى بۇزۇپ ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇشىنى ياشاۋاتقان كىشىلەرنى سەيلە قىلىپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئالغا كەتكەنلىكىدىن ھوزۇرلانغۇسى كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قېچىۋاتقىنى تەرەققىي ماكان ۋە ئۇچۇرلاشقان زامان. چىگراغا جايلاشقان، قويۇق ئىسلام مەدەنىيەت پۇرىقىغا تولغان بۇ زېمىن ئۇلارنىڭ شېرىن خىياللىرىغا مەلھەم بولىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى چوڭ بازانىڭ ئىچكىرىلىك زەردارلار تەرىپىدىن قويۇق ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنىشى دەل شۇ شېرىن چۈشنى رىياللاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئەمدى جەيسېنىنىڭ يازمىسىدىكى چەتئەل خۇمارلىقىقا كەلسەك بۇ يەردە بىز ئۇيغۇر

قىزلىرىنىڭ يۇقاردا دەپ ئۆتكەن زەردارلارنىڭ شىرىن چۈشىگە ماسلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرمەي قالمايمىز. قىزلىرىمىز زامانىۋىيلىقا، بايلىققا، ئىلغارلىققا تەلپۈنىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان خۇراپىي، قالاق، كونتروللۇق جەمئىيەتتىن تەرەققىي ماكانغا، يېڭى دەۋرگە قاچساق دەيدۇ. بايلىق ۋە تەرەققىياتتىن كەلگەنلەرمۇ تۇرۇۋاتقان تاۋارلاشقان ماكانى ۋە ماشىنىلاشقان زاماندىن قاچساق دەيدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇسى قاتناش بىر قەدەر قولاي، ئۇچرىشىشقا بىخەتەر ۋە مەدەنىيەت چەكلىمىلىرىدىن بىر قەدەرخالى بولغان ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق ئارا بەلۋاغدا قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇلىشىنى ئىككىلا تەرەپنىڭ مەدەنىيىتى قوللاپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، مەن تۇرغان شەھەردىكى خەنسۇلارنىڭ نەزەرىدە ”ئۇيغۇرلار ئېرىنىڭ پۇلىنى دەپ ئەگىشىپ كەلگەنلەر .“ئامېرىكىدىكى يەرلىكلەرمۇ ”چەتئەللىك قىزلار ئامېرىكىلىق بولۇش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە ياتلىق بولىدۇ“دەپ قارايدۇ. شۇڭا رەسمىي توي قىلىشقا قارىغانداق مۇنداق سەييارە قوشۇلۇش بەكرەك ئوممۇملاشقان. بۇنىڭدا ۋاقىتلىق بولۇش، بەدەللىك بولۇش، مەخپىي بولۇش ئاساسلىق ئالاھىدىلىك. ئۇلار ئۆز مەدەنىيەتلىرىدە قوشۇلۇش ئەركىنلىكى ۋە ھالاۋىتىنى تولۇق سۈرەلمىگەچ ھەر ئىككىلا مەدەنىيەتكە تولۇق تەۋە بولمىغان بىر ئارا رايونغا مۇھتاج. ئۈرۈمچى، قاراماي‌لار ئۇلار ئۈچۈن غايىۋىي ئارا بەلۋاغ بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ساياھەتچىلىك، مەبلەغ سېلىش، ئېچىش تۈرلىرى بۇنداق بەلۋاغلارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە كەڭەيتمەكتە. بۇ ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ خەقلەرنىڭ ئىشتىھاسىغا تېخىمۇ ماسلىششقا مەجبۇر بولۇشىنى ياكى ئىختىيار قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ئېھتىياجغا قاراپ تاۋارنىڭ سۈپىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشى چوقۇم. ئۇيغۇر ئەرلەر جەمئىيىتى ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپلەر دائىرىسىدە پائالىيەت قىلىشىنى شەرت قىلىدۇ، لېكىن شارائىت يارىتالمايدۇ. يات ئەرلەر ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئېھتىياجلىرىنى يېڭىلايدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ.

خاتىمە ئورنىدا

بۇ بۆلەكنى يازماق ماڭا بەك تەرس كەلدى. ئوقۇرمەنلەرنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈشنى

پەقەت خالىمايدىغىنىم ئۈچۈن نەچچە ۋاز كەچتىم. ئۇيغۇرلاردا ئالقىشلانغان ئادىل مىجتىنىڭ ھېلىقى"ئۆلچەملىك "ئەر ھەققىدىكى ئىنتوتىنى كۆرۈپ جىق ئويلۇدۇم. ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۈگۈنكى ئائىلە كرىزىسى، ئەخلاق كرىزىسىنىڭ جاۋابىنى ئەجداتلارنىڭ يولىدىن ئىزدەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. نەزەرىيە جەھەتتىن تەبئىي شۇنداق بولاتتى. ئەمما شۇنى دېگۈم بار، بىز ياشاۋاتقان دەۋر ئەجدادىتلىرىمىز ياشىغان جىسمانى كۈچ دەۋرى ئەمەس. جىسمانى قۇۋۋەت ۋە ئەر ئاياللارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۆلچەملىك ئەر ۋە ئايال ھەققىدىكى ئۇدۇملىرىمىز دەۋرىمىز رىياللىقىغا ماس كەلمەۋاتىدۇ، شۇڭا قوغۇدايمىز دېگەنچە يىمىرىلمەكتە. بۇنى بىر قانچە ئېتوت يېزىپ تۈزىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەسچىتلىرىمىز، دەرسخانىلىرىمىز، مۇنبەرلىرىمىز ئەرلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا "بۇزۇلۇش "دېگەن گەپ چىقسىلا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قارشى قوتۇپ ئاياللار كېلىۋالىدۇ، بارچە گۇناھ ئاياللاغا دۆڭگىلىدۇ، مەنچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رىياللىقى ئەرلىك نۇقتىنەزەرنىڭ، ئەرلىك بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئۇزاق داۋاملاشسا ئاياللارنىڭ باشقا ماكان ۋە زامانغا ۋە شۇ قوتۇپقا مەنسۇپ ياتلارغا تەلپۈنىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ.

مەن 2005-يىلى بىر سىنىپقا دەرس ئۆتۈۋېتىپ مۇناسىۋەتلىك بىر تېكىستكە باغلاپ ئوغۇللاردىن "خىزمىتى يوق بىر قىزغا ئۆيلىنەمسىز؟ "دەپ سوراپ باققانتىم. يىگىرمە نەچچە يىگىتتىن بىرسىمۇ مەن كۈتكەن "مېنىڭ سۆيىدىغىنىم خىزمەت ئەمەس، ئىنسان "دېگەن سۆزنى دېيەلمىدى. "قىزلار بۇزۇلۇپ كەتتى"، ئاياللىرىمىز يالىڭاچلىنىپ كەتتى "دەپ ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ سۆزلەۋاتقان سەللىلىك خاتىپ، گالىستۇكلۇق ئوقۇتقۇچى، پاينەكباش يازغۇچىلارغا دېگۈم كېلىدۇ، ئۇلارنى بۇزۇۋاتقان، يالىڭاچلاۋاتقان سەۋەبلەر زادى نېمە؟

# ئامېرىكىدا "مەشرەپ"

## ئاپتورى: گۈلەن

مەيلى كىم بولسۇن، قايسى ئىقلىمدا ياشىسۇن، دۇنيادايىغىلىش، سورۇنلارسىز ئىنسان ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. بولۇپمۇ ئۇيغۇرغائوخشاش جامائەتچىلىك ئېڭى ئالاھىدە كۈچلۈك مىللەتلەردە ئىنسانىنىڭ ئۆز سورۇن، مەشرەپلىرىدىن مۇستەسنا يالغۇز-يېگانەياشىشى تەسەۋۋۇردىن تولىمۇ يىراق. 2000-يىللىرى ئىچكىرىدىكى مەلۇم ئالى مەكتەپكەخىزمەتكە ماڭغىنىمدا بىر دوستۇم "ئۇ يەردە يالغۇز زېرىكمەمسەن؟ "دېگەنتى. بۇسۇئال ماڭا بىر قارىماققا تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلدى، يەنە بىر ئويلىسام تولىمۇقىزىق. ئۇيغۇرنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇر يوق يەر نەچچە مىليون نوپۇسلۇق شەھەر بولۇپ كەتسىمۇ "ئادەم يوق، زېرىكىشلىك "بولاتتى. ئىچكىرىدە خىزمەت بىلەن يۈرۈپ خەنسۇلارنىڭسورۇنلىرىنىمۇ جىق كۆردۈم، لېكىن توختىماي گەپ قىلىپ ھاراق ئىچىدىغان يېرى ياقمىدى. بۇنداق سورۇنلاردا گەپ بىلەن نەپ پاسلاشتۇرۇلاتتى. سورۇن، ھاراق پەقەت ۋاستە ئىدى. مەندەكھاراق ئىچمەيدىغان، نەپنى سورۇندىن ئەمەس ھالالىقتىن ئىزدەيدىغان ئادەمگەبۇنداق ئولتۇرۇشلار تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىدى. ئەسئەت سۇلايماننىڭ "ئۆزلۈك ۋەكىللىك "دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ ياۋرۇپالىقلارنىڭ سوغۇق مىجەزىگە ھەيران قالغانتىم. ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا كاللامدا بىر مۇزدەك جەمئىيەتنىڭ ئوبرازى ئاللىقاچانسىزىلىپ بولغان ئىدى. ئامېرىكا ھەققىدىكى باشقا يازمىلاردىن ھىس قىلغىنىم كىشىلەرنىڭ زىيادە ئالدىراشلىقتىن يىغىلىشقا چولىسى تەگمەيدىغانلىقى، خەقنىڭ ئۆيىگە تولا بارمايدىغانلىقى ۋە خەقنىمۇ چاقىرمايدىغانلىقى ...دېگەندەك ئۇيغۇرغا تولىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلىدىغان "رىياللىق "ئىدى.بۇرۇن مەن پەقەت ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىلا شۇنداق ئادەمخۇماربولامدىكىن دەپ ئويلايتتىم. نەدىكىنى



QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

ئامېرىكىغا كېلىپ بىرىنچى ھەپتىسى سورۇنغا تەكلىپ قىلىندىم"مەشرەپ "نى ئۇيۇشتۇرغۇچى مەن تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى بىر ئائىلە بولۇپ ئارامغاچىققان ئوقۇتقۇچىلار ئىكەن. "مەشرەپ "كە چاقىرىلغانلار خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇ كىشىنىڭ شۇ يەرلىك دوستلىرى ئىكەن. ئۆي ئېگىسى ئەر ئايال بىزنى ئىشىك ئالدىدا قارشىئالدى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى مېھمانخانىغا بىر پىيانىنو، بىر قانچەساپا قويۇلغان بولۇپ مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئۆينىڭ ھەر بۇلۇڭىدىكى قول يەتكۈدەك يەرلەرگە قويۇلغان لاتا "كىتاب ئىشكاپ "لىرى بولدى. بوش يەرلەرگە تىزىلغىنى ۋە تاملارغا ئېسىلغىنى مەن تازا بىلىپ كەتمەيدىغان رەسساملارنىڭ رەسىملىرى، باللىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرى، ئاتا ئانىسىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان گېزىتلەر، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قولىدا ياسىغان تۈرلۈك خاتىرە بۇيۇملىرى بولۇپ ماڭا بۇ مېھمانخانا بىر مۇزېيدەك تەسىر بەردى.

مېھمانخانا ئىچىگە ئاشخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ساھىپخان بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق پىشۇرۇشنى ساقلىدۇق، بەزىمىز تاماققا يارىمدەملەشتۇق. تاماق تەييار بولغاندا ھەممىمىز تاماقلارنى تاماقخانىغا تىزدۇق، ۋە ئۆچرەت بويىچە تاماق ۋە سالاتلارنى چوڭ كىچىك تەخسىلەرگە ئېلىپ بەزىلىرىمىز ئولتۇرۇپ، بەزىلىرىمىز مېڭىپ يۈرۈپ پاراڭلاشقاچ غىزالىنىشنى باشلىدۇق. ئامېرىكىدا بۇنداق سورۇن ئىككى خىلكەن. بىرى مۇشۇنداق ساھىپخان تاماق پۇشۇرىدىغان، مېھمانلار خالىسا يېمەكلىك ياكى ئىچىملىك كۆتۈرۈپ كېلىدىغىنى، يەنە بىرى پاتلاك دەپ ئاتىلىدىغان، ساھىپخان تاماق ئەتمەيدىغان مېھمانلار تاماقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ باشقىلار بىلەن بىللە يەيدىغىنى ئىكەن. ئاڭلىشىمچە بۇ پاتلاك دېيىلىدىغان ئولتۇرۇش ئەسلى ھىندىيانلارنىڭ ئادىتىكەن. تاماقنى ئولتۇرۇپ تېز يەپ بولغانلارغا قارىسام جوڭگولۇقلاركەن، يەرلىكلەر تېخى يېرىمىنىمۇ يەپ بولالماپتۇ. تاماقتىن كېيىن تاتلىق تۈرۈم ۋە ماروژنا يېيىش ئادەتكەن. بۇ يەردە "مەشرەپ "دېگەن مۇشۇنداق بىر ئىستاكان پىۋا ياكى كولادەك ئىچىملىكنى كۆتۈرۈۋېلىپ سورۇندىكى خالىغان كىشى ياكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئىشكەن. نە ناخشا- مۇزىكا، نە دۇتتار- تەمبۇر يوقكەن. ئۇلار ئۆزلىرىچە كۈلۈپ تېلىقىپ قالغان قالغان "لەتىپە "لەرگە پەقەت ئەگىشىپ

كۆلگەن بولۇۋالدىم، لېكىن شۇنچە ئادەتتىكى گەپلەرگە نېمشقا قاھقاھلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم. بەلكىم چاخچاقلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنىشى پەرقلىق بولغاچقا شۇنداقتۇر. مەسىلەن، بىزدىكى ”دۇنيا سىلەرنىڭ شۇنداقلا بىزنىڭ، چاپچال سىلەرنىڭ قومۇشى بىزنىڭ “دېگەن لەتىپىنى ئېنگلىزچىگە ئۆرىسە ھېچكىم كۈلمىگەندەك بىر ئىش.

ساھىپخان مۇسۇلمان مېھمانلار، گۆش يىمەسلەر ئۈچۈن ئالاھىدە تاماق ھازىرلاپتۇ. مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاشۇ تاماقتا تىزىلغان ئۆچرەتتە تونۇشتۇم. تايلاند، مالايسىيە، ھىندونوزىيە ۋە باشقا شەرقى جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى جەنۇپلۇق خەنسۇلاردىن ئايرىماق تەسرەككەن. مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپلا كەتتىم، كاۋاپ دېگەن بۇ تاماق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىدە باركەن. ئەرەبىستانلىق ئەرەب ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇلارنىڭ مانتىنى بىزدىن قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىۋالدىم. قىزىق يېرى بىز لازىجان، ياغلازا دەپ خەنسۇچىسىنى ئىشلەتسەك ئۇلارئۇيغۇرچىسى ”ياغمۇچ “نى ئىشلىتىدىكەن. بىز ئۆزىمىزدىكىنى ئەرەبلەرگە ئۆگىتىپ قويۇپلا ئۇيغۇرچىسىنى تاشلاپ خەنسۇچىسىنى ئۆگىنىۋاپتۇق. ھىندىستانلىق، بېنگاللىق، پاكىستانلىق، ئىرانلىق ۋە ئەرەبلەردە بىزدىكىگە ئوخشاش پولۇ، نان، سامبۇسا دېگەندەك يىمەكلەر باركەن. تاماقلىرىمىز، ئادەتلىرىمىز، ناخشا ئۇسسۇلىمىز ۋە چىرايىمىز ئىرانلىقلارغا بەكرەك ئوخشايدىكەن. ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەڭ تەپسىلى بىلىدىغانلار تۈركىي مىللەتلەردىن قالسا ياپونلاركەن. ماڭا تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئۆزىنى جوڭگولۇق دېمەسلىكى ۋە ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە بەكرەك مايىللىقى يېقىلىق تۇيۇلدى. جىياڭسۇلۇق بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ كۈچادا ياپونلۇق بولۇۋېلىپ يەرلىكلەرنىڭ ئىززىتىگە ئېرىششكە مەجبۇر بولغانلىقىدىن ئاغرىندى. مەن ياپونلۇق ساياھەتچىلەرنىڭ تەكلىماكاندا ئەخلەت تەرگەن تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپمۇ قايىل قىلالمىدىم. شۇندىن كېيىنكى“مەشرەپ “لەردە باشتىن ئاياق بىر ئىش دىققىتىمنى تارتتى ئامېرىكىلىقلار ئاساسەن ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئىچكەچ پاراڭ سالىدىكەن. جوڭگولۇقلار ئاساسەن ئولتۇرۇۋېلىپ يەپ ئىچكەچ سۆزلىشىدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ئولتۇرۇش “دېگەن سۆزنىڭ مەشرەپنىڭ ئورنىغا نېمە

ئۆچۈن ئۆزگەرگەنلىكىنى ئاڭقارغاندەك بولدۇم. ماڭا سۆزدىكى ئۆزگىرىشكە ئۇيغۇر سورۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى مۇجەسسەملەشكەندەك بىلىندى. ئەجەبا خەنسۇلارنىڭ يەپ ئىچىشنى مەزمۇن قىلغان ”ئولتۇرۇش “لىرى بىزگە كىرىپ، ئۆزىمىزنىڭ شاتلىق، شاشلىق، شەرەندازلىققا تويۇنغان مەشرەپلىرىمىز يەپ ئىچىدىغان ”ئولتۇرۇش “قا ئايلىنىپ قالغانمىدۇ؟ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان مەشرەپتىن شەرەپ قۇچتۇق، نامىمىز ب د ت نىڭ تىزىملىكىگە پۈتۈلدى، بىزدىكى بۇ ئولتۇرۇشلاردىن كېيىنكىلەر نېمە ئۇتار؟

بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ دەپ بېرىشىچە مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن ”مەدەنىيەتلەردىن مەلۇمات “پائالىيىتىدە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ شاراپىتىدىن خېلى نام چىقىرىپ قاپتۇ، ئازاراق پۇللۇقمۇ بولۇپ قاپتۇ. پائالىيەتتە بىر شىرەگە ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىلىك داستىخېنىنى سېلىپ، پولۇ، سامسا، قۇيماق، گوشنان قاتالىق تاماقلارنى تىزىپ كەيندە باشقا شتاتلاردىن يارىدەمگە كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن دۇتار، تەمبۇر ۋە داپنى چېلىپ ئۇيغۇرچە كيىنىپ تۇرۇپتۇ. خەلق ناخشىلىرىدىن ئارىيە ئوقۇلغاندا ئولۇشۇۋالغان زىيارەتچىلەر نوۋەت ئۇسۇللۇق ناخشىغا كەلگەندە يوپۇرلۇپلا قوشۇلۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئون بەش مىنۇتقا قالماي ئەتكەن تامىقى تۈگەپتۇ، تاماققا تاپقان كەشتىلىك ياپقۇچ، كەشتىلىك داستىخان، دۇتار سېتىلىپ كېتىپتۇ. يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ساتمايمەن دېگەننىگە قويماي تەمبۇر ۋە داپنى چۆرگىلەپ كېتەلمەي قاپتۇ. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ”مەدەنىيەتلەردىن مەلۇمات “پائالىيىتى خېلى داڭلىق بولغاچقا ئۆز مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ ئالاھىدە كۆچ چىقارغانىكەن. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇنچە ھەشەم دەرەملەرگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولدىسىمۇ شۇ قېتىملىق پائالىيەتتە ئەڭ خېرىدارلىق بولۇپ يەرلىك گېزىتلەر ۋە تېلىۋىزورلاردىن ئورۇن ئاپتۇ. 2008-يىلى مەن ئەسلى چوڭچىڭغا خەنسۇچە ئۆگەنگىلى كېلىپ تۇيۇقسىز ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشكە ئۆزگەرگەن ئامېرىكىلىقتىن ئىگىلىشىمچە، شۇ شەھەردە ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرغان بىر ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىكەن. ئويلاپ قالدىم، بىزنىڭ ئوقۇغۇچى باللار ئورۇنلاشتۇرغان،

سەھنىلەردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن مەشرەپلەر جوڭگودا ۋە ئامېرىكىدا شۇنچە تەسىر قالدۇرۇپتۇ، ئەگەر ئاتا بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان ھەقىقى مەشرەپنى داۋام قىلالىغان بولساق بۇنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى ئۈنۈمى يانچۇقىمىزنى توم، يۈزىمىزنى يورۇق قىلماسمىدى؟

ئۆملۈككە، قېرىنداشلىققا تەشنا ئۇيغۇر مەشرەپسىز ياشىيالمايدۇ. ھازىرقى چايلار ۋە ‘ئولتۇرۇش ’’لىرىمىز دەل شۇ بوغۇندىن بوغۇنغا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپلىرىمىزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر. ھازىر مەشرەپلىرىمىز ئىكرانلاشتى، بۇ مۇزىيلىششىنىڭ باشلىنىشى خالاس. چۈنكى ئىكرانلاشقان مەشرەپتە ئۇيغۇر پەقەت تاماشابىنلا بولالايدۇ، ئىشتىراكچى بولالمايدۇ. بۇنداق مەشرەپ ئىكراننى باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەشرىپى خالاس، ئۇنىڭ قايسى شەكىلدە بولۇشى تاماشابىننىڭ ئىلكىدە ئەمەس. ئەسلى ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەشرەپتە ئۇيغۇ سەنئەتنىڭ سەيلىچىسى، ئىشتىراكچىسى ۋە ياراتقۇچىسى ئىدى. ياراتقۇچىسىز قالغان سەنئەت، ئىشتىراكچىسىز قالغان مەدەنىيەتنىڭ بارار يېرىنىڭ مۇزىي بولىدىغانلىقى تارىختىن بىزگە سىر ئەمەس. مەشرەپلا ئەمەس، بىزنى ئورىغان دۇنيا، كۆزىمىزدىكى رىياللىق ۋە پوتكول تەئەللۇقاتلىرىمىز ئۆزگەرمەكتە، ئېچىنىشلىق يېرى بىزنىڭ بۇلارغا پەقەت سەيلىچى بولۇپ قالغىنىمىزدۇر.

# ئامېرىكا ”شەيتان“مۇ؟

## ـئامېرىكىنى ”شەيتان“ دېگەن ئۇكا ئاغىنەمگە

ئاپتورى: گۈلەن

قەدىرلىك ئۇكام؛

بۈگۈن ئانامدىن سىنىڭ تەتىلدە يۇرتقا قايتقىنىڭنى، ئادىتىڭ بويىچە ئانامنى يوقلاپ كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ بەك مەمنۇن بولدۇم. ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن، ئىمانىڭنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، ئەقلىڭنى يەنىمۇ يۈكسەك قىلسۇن. ئانامنىڭ دېيىشىچە سەن مېنىڭ ”ئەگەر ئوقۇيمەن دەپ نىيەت قىلغان بولسا ئامېرىكىغا كەلسۇن، ئەگەر مەقسىدى ھەج قىلىش بولسا ئەرەبىستانغا بارسا مەيلى“ دېگىنىمگە قايىل ئەمەسكەنسەن. ئەگەر تېلېفوننى ئامېرىكىدىن قىلمىغان بولسام، تازا بىر تەنبىھ بەرمەكچىكەنسەن. ئالدى بىلەن ساڭا شۇنى دەي. مەن مەيلى قەيەردىن تېلېفون قىلاي، كىملەرنىڭدۇر ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئىستىگەنلىرىمنى دېيەلمەي قالمايمەن. چۈنكى مەندە باشقىلاردىن قورقۇپ يوشۇرىدىغان بىر گەپ يوق. ئويلىغانلىرىمنى ئەزەلدىن يوشۇرماي دەپ كەلدىم، بۇندىن كېيىنمۇ دەيمەن. ساڭا ئوخشاش مېنى قەدىرلەيدىغانلار تېلېفوندا ماڭا ”يوق ئىشلارغا ئارىلىشما، ئادەم جىق يەرگە بارما، گەپ قىلغاندا ئەتراپىڭغا باق، سەن كەتكەن بىلەن بىز بۇ يەردە، بىزنى خاتىرجەم ياشىغىنى قوي، دۆلىتىمىز شىنجاڭغا ئۆنداق ياردەم بېرىۋاتىدۇ، بۇنداق يۈلەۋاتىدۇ ……“ دەپ كېتىسىلەر. ئادەتتىكىچە ئەھۋال سورىساممۇ سۆزۈڭلارنىڭ بىسمىللاھسى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، كومپارتىيەنى مەھىيەش بىلەن باشلىنىدۇ. مەن گېپىڭلارنى ئۇنگە ئېلىۋېلىپ جوڭگولۇق دوستلىرىمغا ئاڭلاتتىم، ئۇلار بۇنداق سۆزلەرنى ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“ تەسۋىرلەنگەن كىنولاردىلا ئاڭلىغانىكەن. يا مەن سەۋەبلىك سىلەرنى مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر قاسقان شەپكىلىك ئىزدەپ كەلمىسە، يا

مەن بىرەر كۈن دېگەنلىرىم سەۋەپلىك ھەپسىگە كىرمىسەم، مېنىڭ ئامېرىكىدىن قىلغان تېلېپونۇمدىن نېمانچە ۋەھىمىگە چۈشىسىلەر؟ شۇڭا ھەرقانداق گەپ بولسا تېلېپوندا ئوچۇق دە، تېلېپوندا ئوچۇق دېيەلمەيدىغان گەپلىرىڭنى ماڭا مەڭگۈ دېمە، مەن ھېچكىمنىڭ ئوچۇق دېيەلمەس سىرلىرىغا شېرىك بولالمايمەن. ئاڭلىشىمچە سەن مېنىڭ ئامېرىكىغا كەلگىنىمنى ”مودا قوغلاشقانلىق“، ”غەرپكە چوقۇنغانلىق“ دەپ چۈشىنىدىكەنسەن. ”ئىمان بىلەن ياشاشقا ۋە ئوقۇشقا ماس كېلىدىغان شۇنچە جىق مۇسۇلمان دۆلىتى تۇرسا بارىدىغانغا يەر چىقمىغاندەك ئامېرىكىغا كەتتى“ دەپسەن. گەپ چوقۇنۇش ھەققىدە دېيىلگەنىكەن، ساڭا شۇنى ئوچۇقلاي، مەن قىبلىگە يەنى غەرپكە قاراپ سەجدە قىلىمەن. سېنىڭ قىبلەڭ شەرقتە بولسا يول بولسۇن. مەن مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچە قىبلىدىن باشقا تەرەپكە سەجدە قىلمىدىم، ئاللاھتىن باشقىغا يۈكۈنمىدۈم. ئۆزىنى باشقىلارغا خۇدا دېگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان، يېزىۋاتقان، سۆزلەۋاتقانلارنىڭ ئادەتتىكى ئازغۇچى بەندىلىكىنى ئېسىگە سالغانلىقىم ئۈچۈن خىزمەتتىن ئىككى قېتىم ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ھېلىمۇ پات-پات كۆرەلمەس، قىتىغۇر، پۈتاقچى دېگەن تۆھمەتلەرگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتىمەن. گۇناھىم شەخسكە ۋە شەخسلەر چوقۇنىدىغان تەرەپكە چوقۇنمىغانلىقىمدۇر. سەن مودىغا ئەگەشتى دەپ قاپسەن، مەنمۇ بىر ئازغۇچى ئىنسان بولغاچقا زاماندا ئاققاننى خەلققە ياققاننى قىلىشتىن پۈتۈنلەي خالى بولالمىدىم، ئەمما ئامېرىكىغا كېلىشىم مودىدىن ئەمەس. ساڭا دېسەم مەن ئامېرىكىدا ئوقۇشنى قارار قىلغىنىمدا ئامېرىكىغا كېلىش مودا ئەمەس ئىدى، ھازىركەتمەسلىك مودا. ئەگەر ئەينى چاغدا ھازىرقىدەك كەتمەسكە كېلىش مودا بولسا ئىدى كەلمىگەن بولاتتىم. مانا ھازىرقى مودىغا ئەگەشمىگىنىم ئۈچۈن كېتىمەن دەپ يا ۋەتەندىكىلەرنى يا بۇ يەردىكىلەرنى ئىشەندۈرەلمەي يۈرىمەن. چۈنكى بىزنىڭ كالاممىز خەق قىلغاننى ئەمەس، ھەق بۇيرىغاننى تەۋسىيە قىلىدۇ. سەن بىلمىسەڭ كېرەك، بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا بەندە بولۇش ئەمەس خۇدا بولۇش مودا، ئىلىمدار بولۇش ئەمەس ئەمەلدار بولۇش مودا، ئادەم بولۇش ئەمەس ئادەمخور بولۇش مودا. سورۇنلارغا بارساڭ خەق سېنىڭ خىزمەت ئورنۇڭغا، ئەمىلىڭگە، پۇلۇڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ھېچ كىم سېنىڭ نەدە ئوقۇغۇنۇڭ بىلەن ھېساپلاشمايدۇ، ئۇنۇۋانىڭغا، مۇئاشىڭغا قارايدۇ. خەق ساڭا تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچۇڭنىڭ نېمە ئىش قىلالىغىنى

بىلەن ئەمەس، قانداق ئەمەل تۇتالىغىنى باھا بېرىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ھېچ كىمنىڭ لاياقەتلىك پۇقرا، دىيانەتلىك ئىنسان بولغۇسى يوق، ئۇلارنىڭ نىشانىچە يا چوڭ بېلىق بولۇپ يۇتسەن ياكى كىچىك بېلىق بولۇپ يۇتۇلىسەن. سەنىچە ”ئىمان بىلەن ياشاشقا ماس “مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھالى يۇقارقىدەك ئەمەسمۇ؟ ساڭا بىر مىسال كەلتۈرەي. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تاپشۇرۇۋېلىش كۆچۈرۈۋالغىنى ئۈچ ئەرەبىستانلىق، بىر جوڭگولۇق. مەن پاراڭلاشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورتاق قارىشىدا ئىمتىھاندا كۆچۈرۈۋېلىشنى خەنسۇ ۋە ئەرەپ. مەكتىپىمىزدە ئەرەبىستانلىق بىلەن جوڭگولۇق ئوقۇغۇچى ئەڭ كۆپ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئەڭ كۆپ ئالىدىغان ئىنگلىز تىلى مەركىزىدە ئوقۇش پۈتكۈزەلمەي ئەڭ ئۇزاق ئوقۇيالايدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇلارغا ئاتا ئانىسى پۇلنى چەكلىمىسىز بېرىدۇ، چۈنكى بۇ پۇللار ئۇلارنىڭ چۈنتەكلىرىگە مېھنەتسىز، چەكلىمىسىز كىرگەن. ئۇلار ئەڭ قىممەت ماشىنىنى نەخ پۇلغا ئالالايدۇ ۋە قائىدىگە ئەڭ كۆپ خىلاپلىق قىلىپ ئەڭ كۆپ جەرىمانە تۆلىيەلەيدۇ. بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تىزىملىتىش ئىشخانىسى (بۇ يەرگە ئوقۇغۇچىلار دەرسكە تىزىملىتىش، دەرستىن چېكىنىش، دىپلوم.. قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئەڭ كۆپ كىرىدۇ) غا يېزىلغان ئەرەبچە ۋە خەنسۇچە ”ئۆچىرەتتە تۇرۇڭ “دېگەن خەتنى كۆردۈم. مەن بېيجىڭدا بىر قېرىنداشقا ۋىزا بېجىرىشىپ بەرگىلى بېرىپ ئەڭ قوپال مۇئامىلىنى ئەرەبىستان ئەلچىخانىسىدىن كۆرگەنىدىم. سەندىن سوراپ باقاي، بىزنىڭ دىنىمىزدا ئىنسان ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ۋەكىلى ئەمەسمىدى؟ ئەجەبا ۋەكىلنى دۆشكەللىگەنلىك ئېگىمىزنى مىننەتدار قىلامدۇ؟ قۇرئاننى قانۇن قىلغان دۆلەتنىڭ پەرزەنتلىرى تاپشۇرۇقتا كۆچۈرمىچىلىك قىلسا، ئۇلارنى ئىمان بىلەن ياشاۋاتقان دېيەلەمدۇق؟ كوڭزىچىلىقنىڭ ”ئەدەپ “تەربىيىسىنى ئىككى مىڭ يىل كۆرگەن بىر مىللەت نېمىشقا ئۆچىرەتتىكى ئەدەپنى ئۆگىنەلمىدى؟ بىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى ئالىي مەكتەپكىچە ئالغان ”جوڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەخلاق “تەربىيىسى نېمىشقا بىزگە ساختىلىق قىلماسلىقتەك ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقنى ئۆگىتەلمىدى؟ يۇقارقى ئوخشىمىغان ئىدولوگىيەگە تەۋە ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ قىلىقى نېمىشقا شۇنچە ئوخشىشىدۇ؟ بۈگۈن جۈمە خۇتبەسىدە ئىمام سەن سۆيۈنگەن بىر مۇسۇلمان دۆلىتى ھۆكۈمدارىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى ئالقىشلىدى. مەزكۇر

ھۆكۈمدار خاتىبىمىز تۇغۇلغاندىن بېرى ھاكىمىيەت سۈرگەنىكەن. بۇ ھۆكۈمداردىن خېلى ئۇزۇن مەزگىل بەزى كىشىلەر بەك رازىكەندۇق. بۇ دۆلەت ئىختىسادىنى گۈللەندۇرۇپتۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىپتۇ. خاتىپ بۇنى ”ئىنسانلارنىڭ كۆزىنى دۇنيا مەئىشەتلىرى بىلەن پەردىلەپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىنى ماددىي پاراغەتكە بۇرىۋەتتى. نەتىجىدە بۇ دۆلەت ئەرەب دۆلەتلىرى ئىچىدە ئىختىسادى ئەڭ گۈللەنگەن شۇنداقلا بۇزۇقچىلىق ئەڭ يامرىغان دۆلەتكە ئايلاندى. ماددىي پاراغەت سەۋەبىدىنلا كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ چىرىك، مۇستەبىتلىكىگە سەبرى قىلىپ كەلگەن ئىدى. دۇنياۋىي كىرزىس سەۋەبلىك دۆلەت نامراتلىشىپ، تەمىنلەنگەن مەئىشەت توختىغان زامان خەلق كوچىغا چىقىپ نەچچە ئون يىل بوغۇلغان مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىنى بىراقلا پارتلاتتى .“سان پىرانسىسكودا ياشاۋاتقان مەشھۇر ئۆلىما ھەمزە يۇسۇپنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار ”مەن مۇتلەق كۆپ قىسىم مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئەمەس غەرپتە مۇسۇلمان بولۇپ ياشىسام دەيمەن، چۈنكى غەرپتە ئىجازەت بېرىلگەن مۇسۇلمانلىق يولى مۇسۇلمانلىق يولىغا يېقىنراقتۇر .“

“I would rather to live as a Muslim in the West than in the most of Muslim countries, because the way Muslims are allowed to live in the West is closer to the Muslim way”

سەن ئېنگىلىزچىنى ياخشى بىلسەن، شۇڭا دېگەنلىرىمگە شۈبھەڭ قالمىسۇن ئۈچۈن ئەسلى مەزمۇننى كۆچۈرۈپ قويدۇم. ھەمزە يۇسۇپ ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيەسىدە رىزخان بىلەن قىلغان مۇلاقاتتا يۇقاردا دېگەنلىرىنى مۇنداق نوقتىلاردا ئۇچۇقلىدى. بىرىنچى، ئامېرىكىدا ئىنسانلار ئۆزى خالىغان دىنغا، ھېچ بىر چەكلىمە ۋە قورقۇنچىسىز ئېتىقاد قىلالايدۇ، دىن ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى خالىغانچە ئىپادە قىلالايدۇ. كۆپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە مۇسۇلمانلار ئېتىقادىغا ئالاقىدار پەرقلىق چۈشەنچىلىرىنى ئىپادە قىلغانلىقى ۋە ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلغانلىقى سەۋەبلىك غايىپ بولىدۇ ياكى تۇتۇپ كېتىلىدۇ. غەرپنىڭ مۇكەممەل ئەدلىيە سىستېمىسى ئىنساننىڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىغا

كاپالەتلىك قىلىدۇ. كۆپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئەدلىيە سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس، ئىنسان ئەقەللىي ھوقۇقلىرىمۇ قوغدىلالمايدۇ. ئەگەر ئىنسان ھوقۇقىنى قوغدىماقچى بولسا پارا بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ···بۇلار ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرى. مەن ئەرەبىستانلىق، پاكىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى چۈشەنچىلىرىنى مەسجىددە بىر بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلاشقانلىرىنى كۆرگەندە ھەيران قالغانمەن. (چۈنكى ئامېرىكىدا ئىككى ئەرنىڭ ئۇنداق يېقىن پىچىرلىشىشلىرى كىشىگە جىنسىبازلارنى ئەسلىتىدۇ، نورمال كىشىلەر سىياسى چۈشەنچىلىرىنى ئۇنداق پىچىرلاپ سۆزلەشمەيدۇ) گەرچە ئۇلار ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ ماگا نەچچە مىڭ كىلومېتىر نېرىدىكى ھۆكۈمدارلىرى قەلبىگە تېرىغان قورقۇنچىنى ھېچ يوقۇتالمىغاندەك تۇيۇلدى. بەزى خۇتبىدىكى سۆزلەردىن ئۇلارنىڭ ئالاقىزادە بولۇپ بىر بىرىگە قاراپ كەتكەنلىرىنى كۆرگىنىمدە نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى پادىشاھنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاللاھ قورقۇنچىنى ئەمەس ئىنسان قورقۇنچىنى موھۇرلىۋەتكەنلىكىنى ھىس قىلىمەن. سەن شۇنىڭغا ئىشىنەلمەيسەن بەلكى، مەن نىيويورك كوچىلىرىدا، 11ـسىنتەبىر ۋەقەسىدە پارتىلىتىۋېتىلگەن قوشماق بىنانىڭ ئەتراپىدا ئەر ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت بولۇپ يولدىلا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھېچكىم ھەيرانمۇ قالمىدى. ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى يۇتيۇبتىنمۇ تاپالايسەن، ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ باق. يەنە شۇ نيويوركتا بىر بۆلۈك ئامېرىكىلىق مۇسۇلمانلار تېرورچىلىقنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ ۋاراقچە تارقاتتى. مۇخبىرغا ”مەن بىن لادىننى ياقتۇرىمەن، ئۇ ئۇلۇق ئىنسان ”دېگەن كۆرۈنۈشلەرنى تېلۋىزوردىن كۆردۈم. پىكىر ئەركىنلىكى دېگەن مانا شۇ. شۇنىڭغا ئىشەنكى، مەن بۇ يەردە ھېچ قايسى دۆلەتنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلمايۋاتىمەن. پەقەت كۆرگەنلىرىمنى سەن بىلەن ئورتاقلىشىۋاتىمەن. ئەرەبىستاندا ئوقۇشنى قارار قىلغان بولساڭ مېنىڭ باشقا گېپىم يوق. يۇقارىدا دەپ ئۆتكەندەك جوڭگولۇقلار بىلەن ئەرەبىستانلىقلارنىڭ قايغۇ ۋە شاتلىقلىرى جىق ئورتاق. شۇڭا ئاسان كۆنۈپ كېتىسەن. قارىغاندا مەسلىھەتنى بۇيرۇق دەپ چۈشىنىپ قاپسەن. ئامېرىكىدا ئارمىيەدىن بۆلەك يەردە ئىنساننىڭ مۇرەسسەسىز بۇيرۇق بېرىشى ۋە ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەنچە ئەرەبىستاندا ئوقۇشۇڭنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئامېرىكىدا ئوقۇشۇمنى ئىنكار قىلىشىڭنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق. ئىخلاسمەن

ئانامنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ مەن تۇرۇۋاتقان ئامېرىكىنى ”شەيتان“غا چىقىرىشتىمۇ ئۆزەڭگە ئوخشاشلاردىن باشقالارنى قايىل قىلغۇدەك ئاساسىڭنىڭ بارلىقىغىمۇ گۇمانىم بار. ئەگەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىبلىسنىڭ، شەيتاننىڭ نېمىلىكىنى ماڭا قايىل قىلارلىق دەپ بېرەلىسەڭ سېنىڭ قويغان ”ساقىلىڭ“غا ھۆرمەت قىلىپ، سۆزۈڭنى خاتا بولسۇن توغرا بولسۇن داۋاملىق ئاخىرىغىچە تىڭشايمەن.

# ئۇيغۇر گېنىرالنىڭ ھوزۇرىدا

## ئاپتورى: گۈلەن

2000-يىلى ”ئانا يۇرت“نىڭ داغدۇغىسىدىن تەسىرلەنگەن دوستلارنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر گېنىرال سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە بولۇش پۇرستى كېلىپ قالدى. خىيالىمدا سوپاخۇنكامنىڭ مەزكۇر رومانىنىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ مۇقاۋىسىدىكى ئاي يۇلتۇزلۇق پاگون تاقىغان جەسۇر تۇرقى ھەرخىل كەيپىياتتا گەۋدىلىنىپ يول بويى ماڭا ھەمراھ بولدى. ئاخىرى ئۇ تەۋەرۈك غازىمىزنىمۇ كۆردۈم. كۆز ئالدىمدا مۇقاۋىدىكى كەسكىن قوماندان ئەمەس، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ بەللىرى مۈكچەيگەن بىر بوۋاي تۇراتتى. سوپاخۇنكام بىزنى كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلاندى بولغاي، ھەرىكىتىنىڭ قولايسىز بولۇشىغا قارىماي ھەممەيلەن بىلەن تەپسىلى كۆرۈشۈپ ئوقۇشىمىزنى سوراشتۇرۇپ چىقتى. بىز ”ئانا يۇرت“تا تەسۋىرلەنگىنى بويىچە ئاغزى-ئاغزىمىزغا تەگمەي سوئال سوروشۇپ بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق.

ئەسكەرلىرىمنىڭ كوماندىلىرى ئۇيغۇرچە ئىدى

سوپاخۇنكامدىن خوجانىياز ھاجى قوزغىلىڭى ۋە مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىغا قاتنىشىش جەريانى ھەققىدە سورىغىنىمىزدا ئۇنىڭ مۆكۈلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىراقلا نۇرلانغاندى. شۇ چاغدا بۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئاۋازىنى ساقلىۋالمىغىنىمغا كۆپ پۇشمان قىلىمەن. ئۇ كىشىنىڭ دېگەنلىرى ئىچىدە "قوزغىلاڭ مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا توغرا كەلدى. دۈشمەن نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن يول بويى قوغلاپ توسۇپ زەربە بېرىپ كۆپ ھالسىراتتى. غۇلجىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا 200دىن ئارتۇق ئەسكىرىمىزدىن ئاران 90 نەچچىسى ھايات قالغانىدى. غۇلجىغا بېرىشىمىزغا بىزنى رۇس ئوفىتسېرلار قوراللاندۇرۇشتى. كېيىن ئېلىخان تۆرەم ئايرىلىشىپ قوراللىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى. بىز بارغاندا چوڭ كوماندىرلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس بولۇپ ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇقلىرى پۈتۈنلەي رۇسچە ئىكەندۇق. چوڭراق ھەربىي يىغىنلاردا پىلان رۇسلاردىن بولۇپ ئۇيغۇرلاردىن مەخسۇس ھەربىي تەلىم كۆرگەنلەرنىڭ كەملىكى بەكمۇ بىلىنگەنىكەن. بىز كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلار بىر ئاز ئۆزگەردى. دەسلەپتە بىزنىڭ قىسىملا ئۇيغۇرچە كوماندا بويىچە مەشغۇلات قىلاتتى. كېيىن بارا-بارا ئۇيغۇرچە كوماندا ئومۇملاشتى"...

"ئانا يۇرت"نى ئەسلى يەتتە قىسىم دېگەنتى

گەپ ئارىلىقىدا سوپاخۇنكام مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ ئۆزى بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. "مەرھۇم ماڭا 1944 يىللىرىدىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ ھەققىدە يەتتە قىسىملىق بىر تارىخىي رومان يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. بەلكىم مەرھۇمنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ياكى باشقا سەۋەبلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن، كىتاب ئۈچ قىسىم چىقتى. زوردۇن سابىر مەن بىلەن ئۇزاق مۇڭداشقان ۋە بەزى يازمىلارنى ئېلىپ كەتكەنىدى. رومانىنى نەشر قىلىنىشى بىلەنلا ئوقۇپ چىقتىم، ئويلىغانلىرىدەك يېزىشقا تىرىشىپتۇ، لېكىن كۆپ

قىسقارتىپتۇ. “بىز سوپاخۇنكامنىڭ ئۆيىدە بىر سىزما رەسىمنى كۆردۇق. رەسىمدە ئاتقا مىنىپ تۇرغان ئىككى ئەر ۋە بىر ئايالنىڭ ئوبرازى توپىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. سوپاخۇنكامنىڭ ئېيتىشىچە ئىككى ئەرنىڭ بىرى سوپاخۇنكام، يەنە بىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بولۇپ رەسىمدىكى ئايال سوپاخۇنكامنىڭ تۇنجى ئايالى مەرھۇم تۇخان ئانا ئىكەن. زوردۇن سابىر مەزكۇر رەسىمنى كىتابىغا مۇقاۋا قىلىش ئۈچۈن سوراپ كېتىپ رەسىمگە تارتىۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەنىكەن. بۇ رەسىمنى شىخودىن بىر ئوقۇتقۇچى رەسسام سىزىپ سوپاخۇنكامغا سوۋغا قىلغانىكەن.

”قورال تاشلىساڭ ئاتمايمىز“مۇ ياكى ”قۇرال تاشلايمىز ئاتما“مۇ؟

ئاقسۇ سېپىلىنى قورشاپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى زەمبىرەك بولمىغانلىقى (سوۋېت ھۆكۈمىتى كاتيۇشا سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغانىكەن) سەۋەبلىك سېپىلنى پارتىلىتىشقا قادىر بولالماي قورشاۋ ئۇزۇراپ كەتكەن. ئارىدا باش شتابتىن چېكىنىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالغان سوپاخۇنكام ۋە جەڭچىلەر قايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان دەملەردە گومىنداڭ قىسىملىرى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. جەڭچىلىرىمىز پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىپ دۈشمەننى چېكىندۈرگەن. دۈشمەن بىر ئاز ئېتىشىپ ئوق توختاتقان ۋە قوراللىرىنىڭ ئۈچىنى يەرگە قارىتىپ “جىياۋ چىياڭ بۇ شا(قورال تاپشۇرساڭ ئاتمايمىز)دەپ ئالغا يۈرگەچ ۋارقىراشقان. بۇ چاغدا سوپاخۇنكام “ئۇلار قورال تاپشۇرۇڭلار ئاتمايمىز دەۋاتىدۇ، قىرىپ تاشلايلى، دېسە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ”قورال تاپشۇرىمىز ئاتما دەۋاتىدۇ “دەپ ئىككەيلەن تالىشىپ قالغان. سپاخۇنكام ”ئابدۇكېرىم، تەسلىم بولىدىغان دۈشمەن قوراللىرىنى تاشلاپ بىر يەرگە توپلايدۇ، ئاندىن قۇرۇق قول بولۇپ ۋەكىل ئەۋەتىدۇ “دېسىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قايىل بولماي ئەسكەرلەرگە تەييارلىق بۇيرۇقى بەرگۈزمىگەن. مۇشۇنداق بىخەستەلىكنى كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن ئارمىيىسى غالجىرلارچە ھۇجۇمغا ئۆتكەن، نەتىجىدە نۇرغۇن جەڭچى شېھىد بولغان.

”بىزنىڭ باللار قىزىقمايدۇ“

پاراڭ ئارىلىقىدا سوپاخۇنكامنىڭ ئايالى ”ۋاي باللىرىم، سىلەر باشقا باشقا مەكتەپتىن تۇرۇپ، ئۇقۇشۇپ ئاتايىن ئىزدەپ كەپسىلەر، ئاڭلاپ تۇرسام شۇنچە جىق تارىخلارنى سوراپ كەتتىڭلار. بىزنىڭ باللار دادىسىدىن بۇلارنى سوراپمۇ قويمايدۇ، دادىسى توغرا كېلىپ سۆزلەپ سالسىمۇ قىزىقمايدۇ. ئورنىدىن دەس تۇرالمايدىغان مۇشۇ ئادەم جېنىدا توختىماي كىتاب ئوقۇيدۇ. بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى بۇرۇنلا كىتاب قىلىپ يېزىپ بولغان ئەمما مۇھەررىرلەر جىق ئۆزگەرتىۋەتكەچكە نەشر قىلىشقا ئۇنىمىدى. چىقمىسا چىقمىسۇن، لېكىن يالغاننى قاتقۇزمايمەن دەيدۇ. بۇ ئادەمدىكى قانداق جانكى، سوغۇقتا دۈگدەيمەيدۇ، ئىسسىقتىن سالپىيىپ كەتمەيدۇ. مەدرىلىيالىسىلا چېنىقىدۇ. ”ئانا يۇرت“ نىمۇ كىتاب چىقىپ بولغىچە تاقەتسىزلىنىپ چىقىشىغىلا ئېلىپ ئوقۇپ بولدى. بىزنىڭ باللار كىمنى دورىدىكى، دادىسى شۇنچە يىل ئەتىۋارلاپ ساقلىغان ئوردېنلىرىنىمۇ يوقۇتۇپ بولدى “دېدى ھەسرەتلىنىپ.

خاتىمە، گېنېرالنىڭ ۋەسىيتى

سوپاخۇنكام مۇنداق ئىككى ئىشنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىشىمىزنى تەكىتلىگەن ئىدى. مەنچە ئۇ بۈگۈنكى بوغۇنغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئىككى ۋەسىيەتنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىرى مىللەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش يەنە بىرى كەسىپ ئىگىلەش. ”باللىرىم، مەن ئەسكەر باشلاپ قورال كۆتۈرۈپ سوقۇش قىلدىم، تۈرمىگە چۈشۈپ مەھبۇسلار قاتارىدا ئېغىر ئەمگەكمۇ قىلدىم، زەي زىندانلاردا، قورقۇنچلۇق قىيناقلاردا خورلاندىم، ئەمما باش ئەگمىدىم، تىزلانمىدىم. مېنى ئىككى نەرسە يىقىلغان يېرىمدىن تۇرغۇزدى، بىرى مەن ئۆگەنگەن تارىخ يەنە بىرى مەن ئىگىلىگەن ھۈنەر. مەن بىلگەن تارىخ ماڭا قەۋمى ئۇچۇن ھەق ئىزدىگەن، ھۆرلۈك تەلەپ قىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈرەش ئىرادىلىرى ئارقىلىق مەنىۋى يۆلەك بولدى. بوۋىلىرىمىزنىڭ ھايات، دۇنيا، ئۆلۈم ۋە ھۆرلۈك ھەققىدىكى ھىكايەت، ئۆگۈتلىرى ماڭا زەي زىندانلاردىمۇ باش پاناھ، روھىي ئوزۇق بولدى. دۈشمەن ئاچ قويدى ئەمما

ئۈمىتسىزلەندۈرەلمىدى، تېنىمنى قىيىندى، ئەمما روھىمنى باش ئەگدۈرەلمىدى. چۈنكى مېنىڭ روھى دۇنيايىمدا ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن توم توم كىتابلاردىكى ھېكمەتلەردىن ئاللىقاچان يېقىلماس ئىرادە مۇنارى تىكلەنگەن ئىدى. بۇ خاسىيەتلىك مۇنارنى ھېچكىم قىيناپ يىقىتالمايتتى، ئازاپلاپ يوقۇتالمايتتى. مەن بوۋىلىرىمىزنىڭ ”ئىنسانغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرمۇ ئاز“ دېگەن تەۋسىيىسى بويىچە پۈرسەتلا بولسا ھۈنەر ئۆگەندىم. تۈرمىگە تاشلانغان چېغىمدا قولۇمدىن ناۋايلىق، شوپۇرلۇق، رېمونتچىلىق، كۆۋرۈك ياساش، تامچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا ئېھتىياج چۈشۈپلا تۇردى. بەلكىم مۇشۇ ھۈنىرىم خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك، شۇنچە قىيىندىيۇ ئۆلتۈرۈشمىدى. ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى سەۋەبلىك ھايات قالغان مەنلا ئەمەس، مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىم خىزمەتتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ياغاچچىلىق بىلەن جان ساقلىغان، ئۈرۈمچىدە كونىلار ھېلىمۇ ئۆتكۈر ئەپەندىمنى ”دارازا ياغاچچى“ دەپ ئاتىشىدۇ. بالىلىرىم، ئىشخانىدا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىۋاتىمەن دېمەڭلار، قىزىل ۋاراقلارنى يىغىۋېلىپ بايلىقىمكىن دېمەڭلار. بوۋىلىرىمىز، ”كىمدىن قالمىغان بۇ جاھان“ دەپ توغرا ئېيتقان. بىز جىق جاھان كۆردۇق، باغلام باغلام پۇللار بىر كېچىدىلا قۇرۇق قەغەزگە ئايلاندى، ھەيۋەتلىك قەسىرلەردە غادايغانلار بىر كۈندىلا ئاچ-زارلارغا ئايلاندى.روھىمىز سۇلمىسۇن دېسەڭلار، قەددىمىز سۇنمىسۇن دېسەڭلار ھۈنەر ئۆگىنىڭلار .”

كەمىنە ئۆمۈرلۈك جەڭچى، يىقىلماس ئەزىمەت سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ بىلەن كۆرۈشكەن مىنۇتلارنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن. بۇ ئەرزىمەس يازمام ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ روھىغا ئەمىنلىك تىلەيمەن. ئۇلۇق ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي، مەرھۇمنىڭ غايە مەشئىلىنى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈلۈك قىلغاي.

# سىلەردە قۇربان ھېيت مودا بولدىمۇ؟

## ئاپتورى: گۈلەن

ھېيت كەلدى، ھەر قېتىم ھېيت كەلسە ئايالىم ھاياجانلىنىدۇ. بالام كىچىك بولغاچقىمۇ يا ئەتراپىدا ھېيت كەيپىياتى بولمىغاچقىمۇ قورچاق كۆرۈش بىلەن بەنت، بولىدۇ. مەن نېمە ئۈچۈن خوشال بولالماس بولۇپ قالغىنىم ئېسىمگە كېلىپ قالمىسىلا ئايالىمغا ئۈنسىز ئەگىشىمەن. ئۇنىڭغا خوش بولۇشۇپ بەرسەم كۆڭلۈم ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپىدۇ. ئۆيدىكىلەر ھېيتلىق تېلفون ساقلايدۇ، ھېيتقا مۇناسىپ بولالمىغان كەيپىياتىم بىلەن ئۇلارنىڭ سېغىنىشلىق ئىزگۈ سالاملىرىغا جۆر بولۇپ بولالماي قىينىلىمەن. ماڭا ئەسلىمەمدىكى دىكى ھېيتتىن قالغىنى دادام بىلەن ئوقۇغان ھېيت نامىزى ۋە جامائەتنىڭ سۈرلۈك ۋە مۇڭلۇق تەكبىرىدىن ھىس قىلغان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى. ماڭا بۇ تۇيغىدا بولغىلى ئەسىرلەر بولغاندەك تۇيۇلىدۇ، ھەر ھېيتتا شۇنداق. جىيەنلىرىمنىڭ بۇ كۆرۈنمەس قۇدرەتنى ھىس قىلىشقا قادىر بولالماي ئۆسۈۋاتقىنى يۈرەكنى تىېخىمۇ ئېزىدۇ. شۇنداق ئويلايمەن، مەنغۇ ھېچ بولمىغاندا غېرىپ قەلبىمدە كۆرۈنمەس بىر ئۇلۇغلۇقنى ھىس قىلالايدىكەنمەن، جىيەنلىرىمچۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھېيتتىن شۇنداق بىر غايىپ پاسىبانلىقنى، مېھرىبانلىقنى، مۇقەددەسلىكنى ھىس قىلالماي چوڭ بولسا، پەقەت يىغقان ھېيتلىق بىلەن يانچۇق، يىگەن گۆش بىلەن قورساق تومپايسا كۆڭۈل ئالىمى بوش قالماسمۇ؟ ئۇلارنىڭ جەنۇپ سەھرالىرىنى قاپلىغان يالتىراق خالتىلىق ئەخلەت يىمەكلىكلەرنى يەپ بولغىنىۋاتقان جىسمى، چوڭلارنىڭ تەشۋىش، ۋەھىمە، مىسكىن تۇرقىدىن نۇسقا ئېلىپ ئەگرىلىككە يۈزلەنگەن سەبى كۆڭلى نېمە بىلەن قەد كۆتۈرەر؟

ئۈچ يىل بۇرۇنغۇ دەيمەن. ئايالىمنىڭ بىر جىيەن قىزى ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئوتتۇرىنىڭ قوش تىل سىنىپىغا تاللاندى. تەنتەنىلىك جاكارلانغان بۇ خەۋەر بىزنى

خېلى تەمترەتتى. چۈنكى بىر ھەمراھ بولغۇچىلار، ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار ئۆمكى كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. مەركىزىي شەھەردىكى قوش تىل سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى دېگەنلىك بىزنىڭ ئۇ يۇرتتا مەرتىۋىدىن، غەلبىدىن، ئىناۋەتتىن دېرەك بېرەتتى. كىممۇ ھاياجانلانمىسۇن، قوش تىل، دېگەن قوش تىللە! بولۇپمۇ قوش تىلنىڭ ئوردىسى، قوش تىلچىلارنىڭ ساماۋىي پايتەختى بولغان ئۈرۈمچىدىكى قوش تىل تۇرسا!

قىز ئەقىللىق ئىدى. كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىز بىلەن چىقىشىپلا كەتتى. دەسلەپتە مېنى ئىنگلىزچە بىلىدۇ، دەپ ئانچە مۇنچە ئىنگلىزچە تاپشۇرۇقلىرىنى سوراپ يۈردى. كېيىن نېمە ئۈچۈنكى مەندىن ئىنگلىزچە سورىماسلا بولدى. سەۋەبىدىن ۋاستىلىق خەۋەر تاپتىم، خەنسۇچەم ئۆلچەمسىز بولغاچقا ئىنگلىزچەمنىڭمۇ ئۆلچەمسىزلىكىنى تەخمىن قىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ تەلەپپۇزۇم جاڭ مۇئەللىمنىڭكىگە ئوخشىماسمىش، ساۋاقداشلىرى ئىنگلىزچىنى سەھرالىقتەك دەيدىكەنسەن دەپ زاڭلىق قىلغانمىش. شۇندىن كېيىن بۇ قىزنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىغا دىققەت قىلدىم، دائىم ئوقۇيدىغىنى مۇقاۋىسىغا چېچىنىڭ يېرىمىنى قىزىل يېرىمىنى يېشىل بوياتقان ”سۇمباتلىق يىگىت“ ”ساھىپجامال قىز“لارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن كىتابلار ئىدى.

دېكابىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، ئايالىم جىيەن قىزىنى تېلېفون قىلىپ ئۆيگە چاقىردى. بارالماسمىش، سەۋەبى ”ئەمىنلىك كېچىسى“ ياتاقداشلىرى بىلەن قۇتلايمىش. ئاڭلاپلا جۇدۇنۇم ئۆرلىدى، ”كەلسۇن، بىز قىلىپ بېرەيلى شۇ كېچىسىنى، نېمە ئالغىسى بولسا ئېلىپ بېرەيلى“ دېدىم ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ. ئايالىمنىڭ ئېيتىشىچە بىزنىڭ مەھەللە تەرەپتە روژدېستىۋالىق كەيپىيات يوقمىش، ئەمىنلىك كېچىسىدە مۇدا بولىدىغان كىيىم كېچەك تېپىلماسمىش، پائالىيەتلەرمۇ يوقمىش شۇڭا كەلمەسمىش. شۇنداق قىلىپ قىزچاق كەلمىدى. بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزىۋېتىپ تېلېفون قىلدىم. ”ئەمىنلىك كېچىسى“نىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈزىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ خىرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ پائالىيەت ئىكەنلىكىدىنمۇ بىخەۋەركەن. پەقەت بۇ مەركىزى شەھەرنىڭ شۇ بۆلىكىدە مودا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەممە ماگىزىن، كوچا كويلار شۇنداق بايرام كەيپىياتى بىلەن بېزەلگەچكىلا ”دەھشەت“ ئۆتكۈزگىسى كەپتۇ. ساۋاقداشلىرى بىلەن ياتاقنى يېرىم

سۈرۈن بېرەپ ئۆتكۈزگەن كېچە شۇنداق"پەيزى بوپتۇ ." ياتاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تۇرسا، نەدىن بىلگەندۇ، قانداق ئۆتكۈزەلىگەندۇ دەپ ھەيران قالدىم. ئۇ قىز مېنىڭ شۇنچە يىل ئىنگلىزلار بىلەن ئالاقە قىلىپ ئەمنىلىك كېچىسى ئۆتكۈزۈپ باقمىغىنىمغا ھەيران قالدى.

ئىككىنچى مەۋسۇم باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي قۇربان ھېيت كەلدى. ئۆزەمنىڭ خوش بولالمايدىغانلىقىم ئېنىق بولسىمۇ قۇربانلىق قىلىپ، ئۇرۇمچىدىكى ئۇرۇق تۇغقان ۋە يۇرتداشلارنىڭ باللىرىنى چاقىرىپ بىر ھېيت قىلىپ بەرمەكچى بولدۇم. شۇلارنىڭ خۇشال چۇۋۇرلاشلىرىدىن ھېيت بولغادەك كەيپىياتقا كېلىپ قالسام ئەجەب ئەمەس دەپمۇ ئويلۇدۇم. ئالدى بىلەن ئايالىمنىڭ جيەن قىزىغا تېلفون قىلدۇق. توۋا، كەلمەسمىش "سىلەر ئۇ تەرەپتە ھېيت دېگەن بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق مودا يوق، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن، شۇڭا بايراملىق كيىممۇ ئالالمىدىم، خەقنىڭ ئالدىغا سەھرالىقتەك بارامتىم، سىلەردە قۇربان ھېيت تازا مودا بولغاندۇ ھە! "دەپتىمىش .

بۈگۈن مەنمۇ تورلارغا قاراپ ھېيت كەپتۇ دەپ ئويلۇدۇم، ھېلىقى جيەن قىزىمنىڭ سۇئالى خيالىمدىن كەچتى. ھەممىڭلارنى سېغىندىم، مېنىڭ چاخچاق قىلىپ بولسىمۇ "سىلەردە قۇربان ھېيت مودا بولدىمۇ "دەپ سوراشقا تىلىم بارمىدى. چۈنكى بىزدە ھەق يولدىكى پىداكارلىقنىڭ ئىككى دۇنيالىق مودا ئىكەنلىكى ئەقلىمگە ئايدىڭ ئېدى.

# شئېر ۋە تىل

# ئاپتۇرى : گۈلەن

مەن ئەدىپلىرىمىزنىڭ دۇنياۋىي چوڭ تىللاردا شئېر ئېلان قىلىپ ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش قىزغىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىمەن. ئوقۇرمەن دوستلۇرۇمنىڭ ئەدىپلەردىن شۇنداق بىر قابىلىيەتنى كۈتىشىگىمۇ ئاۋاز قوشىمەن. ئەلۋەتتە بىزدىن ئاشۇنداق دۇنياۋىي

تىللاردا ئەسىر ئىلان قىلالايدىغانلارنىڭ چىقىشى ھەممىمىزنىڭ ئارمانى. ۋاھالەنكى، يات تىلدا شېئىر يېزىش قانداق ئەھۋالدا مۇمكىن، قانداق ئەھۋالدا مۇمكىنلىكتىن يىراق؟ بۇ ھەقتە ئويلانماي، بۇنى ئىلمىي نۇقتىسىدىن چۈشەنمەي تۇرۇپ قۇرۇق ئارمانلا قىلغانلىق ئەھمىيىتى يوق ئەۋەتتە. مەن تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇنداق ئىمكانىيەتنىڭ مەۋجۇد ياكى ئەمەسلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ باقاي.

يات تىلنى باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئىگىلىگەنلەرنىڭ ئۆزى ئۆگەنگەن يات تىلدا شېئىر يازالىشى مۇتلەق مۇمكىن. چۈنكى تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە تىل ئىنسانىنىڭ سول مېڭىسىدىكى بىروكا رايونى ۋە ۋېرنىكا رايونىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بىروكا رايونى گىراماتىكىنى (قوشۇمچە، باغلىغۇچى، ئۇلانما، يۈكلىمە)، ۋېرنىكا رايونى سۆزنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. يات تىلنى كىچىكىدىن ئۆگەنگەنلەرنىڭ مېڭىسىدىكى يۇقارقى ئىككى رايونغا شۇ تىل ياكى تىللار يېقىن ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، كىچىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر شۇ تىللارنى تەڭلا قوللىنىپ تەپەككۇر قىلالايدۇ ۋە سۆزلىيەلەيدۇ، قوللىنىلىشتا بىر تىل يەنە بىرسىگە ۋاستە بولمايدۇ، ۋە ياكى بىرسى بىرسىگە تايىنىپ قالمايدۇ دېگەن سۆز . شۇڭا بۇنداق كىشىلەرنىڭ يات تىلدا شېئىر يېزىش ئىمكانىيىتى بار. بۇنداق كىشىلەر يات تىلنىڭ رىتىمنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. بۇ رىتىمنى بىز گىراماتىكىدا ئىنتوناتسىيە ياكى جۈملە ئۇرغۇسى دەيمىز. يات تىلنى مۇنداق كىچىكىدىن ئۆگەنگەنلەر مېڭىسىگە ئورۇنلاشقان تىللاردىكى يۇقارقى ئەۋزەللىك سەۋەبىدىن يات تىلنىڭ ئىنتوناتسىيە ياكى رىتىمنى تەبىئى قوللىنالايدۇ. شېئىر رىتىم سەنئىتى بولغاچقا كىچىكىدىن يات تىل ئۆگەنگەنلەر شۇ تىل ياكى تىللاردىكى رىتىمنى ئانا تىلى بىلەن ئوخشاش راۋانلىقتا ئىشلىتىپ شېئىر يازالىشى مۇمكىن.

يات تىلنى ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىگىلىگەنلەرنىڭ يات تىلدا شېئىر يېزىش

ئىهتىماللىقى تۆۋەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ سول مىڭىسىنىڭ يۇقارقى ئىككى رايۇنىدا تىللار يىراقراق جايلاشقان، تەپەككۇر ۋە تەلەپپۇزدا بۇ ئىككى تىل بىر بىرىگە بېقىندۇ. ئانا تىل يات تىلنى بېقىندۇرۇپ ئۆز قېلىپىغا سېلىنۋالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يات تىلنىڭ سۆزلۈك، گىراممانىكا قىسمىنى ھەر قانچە ئوبدان ئۆگەنسىمۇ رېتىمنى ئېگىلىيەلمەيدۇ. شۇڭلاش تىلدا شېئىر يازالىشى تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلىق مەزگىلدە چەت تىل ئۆگەنگۈچىنىڭ كاللىسىدىكى ۋېرنىكا رايۇنى يات تىلنىڭ گىراممانىكىغا مەنسۇپ ئۇچۇرلىرىنىمۇ سۆزلۈك قاتارىدا ساقلىۋالىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ. ئۆگەنگۈچى ئۇزاق مەشىق قىلىش ئارقىلا يات تىلدىكى بۇ گىراممانىكىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى سۆزلۈك رايۇنىدىن گىراممانىكا رايۇنىغا يۆتكىيەلەيدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ يات تىل ئۆگەنگەندە قوشۇمچە ۋە باغلىغۇچىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلمەسلىكىمىزنىڭ ۋە "سۇدەك "سۆزلىيەلمەسلىكىمىزنىڭ سىرى. چۈنكى كاللىمىز ئۇنى خاتا يارگە ساقلىۋالغان ۋە گىراممانىكىنى سۆزلۈك سۈپىتىدە بىر تەرپ قىلىۋەتكەن. تىلدىكى رېتىمنى قۇراشتۇرىدىغان گىراممانىكىنى راۋان قوللىنالمايۋاتقان ئۆگەنگۈچى شېئىرنى ئەلۋەتتە توقيالمايدۇ ياكى قاملاشتۇرۇپ تۇقۇيالمايدۇ.

مەن يۇقاردا دېگەنلىرىمگە تاگورنى مىسال قىلىمەن. نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى، ئۇيغۇرغا ئەڭ تونۇش قوشنا ئەل شائىرى بېنگال تىللىق شائىر تاگور شېئىرنى ئاۋال بېنگالچە يېزىپ ئاندىن ئىنگلىزچىگە نەسىر شەكلىدە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغۇزغانىكەن. بىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان تاگورنىڭ مەشھۇر نەسىرلىرى دەل شۇ بېنگالچە شېئىرنىڭ ئېنگىلىزچە نەسىرلەشتۇرۇلىشىدۇر. شۇڭا يا تىلدا تىرىشسىلا نەسرى ئەسەر يازغىلى بولىدۇ، ھەم مۇنداق يازغانلارنىڭ مىسالى كۆرمىڭ، ئەمما شېئىر يازغانلارنىڭ مىسلى ئاز. بولۇپمۇ يات تىلنى ياشلىقىدا ئېگىلەپ شۇ تىلدا شېئىر يېزىپ ئۇتۇق قازانغانلار ئاز بوسا كېرەك.

يۇقارقى خۇلاسىگە قاراپ بەزىلەر، ئۇيغۇرلاردا تارىختا ۋە ھازىر يات تىلدا شېئىر يازغانلار چىققۇ دېيىشى مۇمكىن. بەرھەق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يات تىلدا شېئىر يازغان ئەدىب چىق، فارابى، نەۋايى، لۇتفى، يۇسۇف سەككاكى ···لېكىن شۇ يات تىل ئەھلىنى قايىل قىلغۇدەك، شۇ يات تىل ئەھلىنىڭ ئاغزىدا قالغىدەك يازغانلىرى ئاز. بىز پەقەت شۇلارنىڭ يات تىلدا شېئىر يازغىنىنىلا بىلىمىز. فارابىنىڭ ئەرەبچە شېئىرلىرى ئەگەر راستىنلا ئېسىل بولۇپ ئەرەبلەرنى قايىل قىلالىغان بولسا ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر تەتقىقاتلاردا، ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدا نامى قالغان بولاتتى، لېكىن فارابىنىڭ نامى مەزكۇر زات قالدۇرغان تۆرلۈك پەنگە دائىر ئەسەرلەردە. بولمىسا ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى، فارىس ئەدەبىيات تارىخى دېگەنگە ئوخشاش كىتابلاردا ياكى شۇ ئەدەبىياتلارغا دائىر تەتقىقات ئەسەرلىرىدە بىزنىڭ يات تىلدا شېئىر يازغان ئەدىپلىرىمىزنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ تاپالمايمىز.

بىزنىڭ يات تىلدا شېئىر يازغان ئەدىپلىرىمىز دەۋرداشلىرى تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن، مەسىلەن، نەۋايىنىڭ فارىسچە شېئىرلىرىنى بۈيۈك ئەجداد بابۇر ”تولىمۇ سۇس يېزىپتۇ “دەپ باھا بەرگەننىكەن.

ئەمەلىيەتتە شېئىر تەرجىمىسىنىڭ تەرس بولۇشىدىكى سىرمۇ مەن يازمىدا يازغاندەك. تەرجىمىدە شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى چىقارغىلى بولغان بىلەن رېتمىنى چىقارغىلى بولمايدۇ. مەزمۇنىنى مەزمۇن بىلەن چىقارغىلى بولىدۇ، ئەمما يات تىلدىكى ئۆز تىلدا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى بىر تىلدىكى ناخشىغا يەنە بىر تىلدا تېكىست سالسا چۈشمىگەندەكلا ئىش.

بۇ يازمىدىكى بايانلار پۈتۈنلەي يات تىلغا قارىتىلغان، ئۇيغۇر قازاقچە، ئۆزبېك تاتارچە شېئىر يازسا گەپ يوق ئۇتۇق قازىنىدۇ، چۈنكى قېرىنداش تىللاردا رېتىم ئورتاقلىقى بار. بۇ تىللاردىن شېئىرلارنى تەرجىمە قىلماقمۇ تەرس ئەمەس.

بەزىلەر تىرىشسا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، ئەخمەتجان ئوسمان ئەرەب

ئەدەبىياتنى تاڭ قالدۇردى •••دېدى. مەن ئۇلاردىن بۇگۇنكى ئەرەب شىئېرىيىتى دېگەندەك تەتقىقات كىتابلىرىغا قاراپ باقسىكەن دەيمەن. ئەگەر شۇنداق نوپۇزلۇق ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان كىتابلاردا شۇنداق دېيىلگەن بولسا بىز بۇنى تەتقىق قىلىپ باققساق بولىدۇ. شۇنداق ئىمكانىيەت بولسا تېخى ياخشى. بەزىلەر ھەممە ئىشنى تىرىشسا قىلغىلى بولىدۇ دەيدۇ. ھەممە ئىشنى تىرىشسىلا قىلغىلى بولىدۇ دېگەنگە بۇرۇن مەنمۇ ئىشىنەتتىم، ئەمما يۇقارقىدەك رىياللىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئەگەر ياشلىق دەۋرىمىزدە تىل ئۆگەنگەن بولساق، بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ كالىمىزدىكى بىر ئورۇنغا پاراللىل ۋە يېقىن ئورۇنلاشمىغان ئىككى تىلنى ئوخشاش راۋانلىقتا قوزغىتالمايدىكەنمىز. تىلدىكى باشقا ئامىلنى ئۆگىنىۋالغىلى بولغان بىلەن رېتىمنى تولۇق سىڭدۈرىۋالماق مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ.

توغرا ئۇيغۇر شائىرلىرى مىڭ يىلغا يېقىن ئەرەبچە شىئېر يېزىش ئەئەنىسگە ئېگە.(فارابىدىن تەجەللى، ئابدۇقادىر دامۇللامغىچە) بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئوچۇقلاش زۆرۈر بولىدۇ. ئەرەب تىلىنىڭ رېتىمى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن قۇرئان ۋاستىسىدە تولىمۇ تونۇش، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب شىئېرىيىتىدىكى رېتىمنى ئۆزلەشتۈرىشىگە قولايلىق ياراتقان ئامىل. مەسىلەن، قىرائەت ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قارى ئەگەر ئەرەب تىلىنى بىلمىسە ئۇنىڭ ئوڭ مىڭىسىلا ئىشلەۋاتقان بولىدۇ. چۈنكى ئوڭ مىڭە مۇزىكا، رەسىم، شەكىل ئاۋاز قاتارلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئەمما بۇنداق يادىلاش تىلدىكى رېتىمنى ئېگىلەشكە پايدىلىق. شۇڭا ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەرەبچىنى قۇرئاننى يادلىتىپ بولۇپ ئاندىن ئۆگەتكىنىمۇ خاتا ئەمەس، بەلكى ئىسپاتلىمىغان ئىلمىيلىك. بۇنداق بولغاندا تىلنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بۇ مىسالدا مىسالغا ئالغىنىمىزدىن مەلۇم بولغاندەك بىزگە ئەرەبچىنىڭ رېتىمى تونۇش، بىر قەدەر ئۆزلىشەرلىك شۇڭا بىزدە ئارۇز شىئېرىيىتى بار. ۋاھالەنكى ئۇيغۇرلار ئەرەبچىدىكى رېتىمنى تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەن. پەقەت ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېقىنلىشىدىغان رېتىمنى قوبۇل قىلالىغان. شۇڭا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەممە تۈرى بىزدە يوق، پەقەت بىر قىسىم تۈرىلا مەۋجۇد. ئۇيغۇرلارنىڭ فارسچە شىئېر يازغانلىقىمۇ ئارۇز سەۋەبلىك ئىككى تىلدا بارلىققا كەگەن رېتىم ئورتاقلىقى، مەدەنىيەتتىكى يېقىنلىق سەۋەبلىك كىچىكىدىن ئىككى

تىلغا تەڭ پىشقان كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، فارس شېئىرىيىتىنىڭ ياراتقان پەللىسى قاتارلىق ئامىللار موھىم رول ئوينىغان. ئەمما بىز يۇقاردا توختالغاندەك ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى شۇ مىللەت شېئىرىيىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ تارىخقا پۈتۈلگەنلىكىنى كۆرمىدۇق. ھازىر ئارىمىزدا بولۇۋاتقان مەلۇم شائىرلارنىڭ يات تىلدا شېئىر يېزىپ غالىپ بولغىنى ھەققىدىكى پاراڭلارنى توغرا چۈشىنىمەن، مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن لېكىن، شېئىرىيەتتە بىر پارچىلا يات تىلدىكى شېئىر بىلەن يات تىلدا شېئىر يازالايدىغانلىقى بىلىنەر، مەشھۇر بولغانىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ توغرىدا ئارتۇقچە توختالماي.

ياشلىق دەۋرىدە يات تىل ئۆگەنگەن ئادەمگە يات تىلدىكى شېئىرنى يازماق تەرسلا ئەمەس، ئوقۇپ ھوزۇر ئالماقمۇ تەرس. سەۋەبي يۇمتالدا ئەمەس قاتتالدا. ئۆزىمىز ئۆزلەشتۈرەلمىگەن رېتىمنى ئوقۇپ ھىس قىلماقمۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا يات تىلدا ئۇتۇقلۇق شېئىر يازماقمۇ، يات تىلدىكى شېئىردىن ھوزۇر ئالماقمۇ ۋە شۇنى رېتىمى بىلەن تەرجىمە قىلماقمۇ تەرس، بۇنى بىزنىڭ مىڭىمىزدىكى تىلغا مەسئۇل بۆلەكنىڭ خىزمىتى بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇر قانداق مىللەت؟

## - "ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت"كە باھا

## ئاپتورى: گۈلەن

مەرھۇم ئا. مۇھەممەدئىمىن ئۇيغۇردا ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى ۋە نوپۇزلۇق شەخس. ئۇنىڭ تۈرلۈك ئىلىملەر نوقتىسىدىن ئۇيغۇر تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ھوسۇللۇق ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر. مەرھۇمنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋاپاتىدىن كېيىن تېلۋىزور ۋە مەتبۇئاتلاردا كۆپ تەشۋىق قىلىندى. ئەسەرلىرى توختاۋسىز نەشىر قىلىندى.

نەتىجىدە ئالىم ھاياتىدا نائىل بولمىغان نوپۇزغا ئېرىشتى. مەن بۇ يازمىدا مەرھۇمنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ”مىللەتلىك دەرىجىسى“نى بېكىتكەن، “ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتتىكى ئۈچ خىل قىممەت “ماۋزۇلۇق ماقالىسىغا باھا بېرىپ ئۆتىمەن. بۇنى يېزىشىمدىكى سەۋەپ، بۇ ماقالە ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىكى دەرىجىسىنى بېكىتىپ چىققان، توردا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان ۋە ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىنىڭ ماقالە نۇتۇقلىرىدا نەقىل قىلىنغان(ئە. سدىق)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە باھا بېرىشىنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر.

ئاپتور ماقالىسىنى ”مىلەتلەرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ”پال “ئاچىدىغان مىزان — ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىدۇر دەپ باشلايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى ماقالىدە ئۇنىېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ نېمىلىكى، قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى، نېمىشقا مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىگە ”پال “ئاچالايدىغانلىقى ھەققىدە ھېچ نېمە دېمەيدۇ. پەقەت “بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆتمۈش تارىخى ئەمەس، ھازىرقى ئائىلە-جەمىيەت-مىللەت ئەھۋالى، مەنىۋىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار ھالىتى ئۇنىڭ ھاياتىي سۈپەت ئىقتىدارىنى، رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى —قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى “•••دېگەن بايانلىرىدىن، بىر مىللەتنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ئائىلە-جەمئىيەت ئەھۋالى، مەنىۋىي-ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنىڭ ھاياتى سۈپەت ئىقتىدارى، رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. ھالبۇكى بۇ بايانلار بىزگە ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ھەققىدە رۇشەن چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ”ئىقتىدار ھالىتى، سۈپەت ئىقتىدارى، ئىجادىيەت كۈچى “دېگەن ئۇقۇملارنىڭ زادى نېمىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنى بەلگىلەشتە قانداق رول ئوينايدىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن باشقىسى ئەمەس ئاشۇلارلا شۇنداق رول ئوينايدىغانلىقى يورۇتۇلمىغان. مەنچە ماقالەنىڭ كىرىش قىسمى مۇنداق يېزىلسا بولاتتى. 1. ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى دېگەن نېمە؟ ئۇ مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىنى پەرەز قىلىشتا قانداق رول ئوينايدۇ؟ ئۇيغۇرلارنى بۇ ئۆلچەمدە باھالىغاندا قانداق نەتىجە چىقىشى مۇمكىن؟ دۇنيادىكى قايسى مىللەتلەر بۇ خىل ئۆلچەم بويىچە

باھالانغان، نەتىجىسى قانداق بولغان، ئۇيغۇرنى بۇ ئۆلچەمدە باھالاشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ دېمەك، ئاپتور ماقالىنىڭ بېشىدا مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئوچۇقلاش، پەرەز قىلىش باسقۇچلىرىنى تاماملىمىغان.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ. ”ھازىرقى دۇنيا مىللەتلىرىنى ئۇلارنىڭ مەلىكە-كامالەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار: «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت» ۋە «سىياسىي مىللەت»تىن ئىبارەت. “بۇ بۆلەكتىكى چاتاق كىرىش بۆلىكىدىكى مۇجمەللىكنىڭ داۋامىدۇر. ئوخشۇتۇش بىلەن كونكرېتلاشتۇرساق، ئاپتورتارازىنى ۋە تارازىنىڭ چىكىتلىرىنى بىزگە كۆرسەتمەي تۇرۇپ يۈكنى تارتىشقا باشلايدۇ.

مەن ئاپتورنىڭ مىللەتلەرنى ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى بويىچە ئايرىش نەزەرىيەسىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئىزدەندىم، نەتىجىدە بۇنداق بىر نەزەرىيەنى تاپالمىدىم. ناۋادا ئاپتورنىڭ يازغانلىرى ئۆزىنىڭ تەلىماتى بولسا بۇنى ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ماقالىدە ئىسپاتلاش جەريانى يوق ئىكەن. ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاپتور تىلغا ئالغان ئۇقۇملاردىن سىياسىي مىللەت(دۆلەت تەۋەلىكى) دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئېتنىك مىللەت(مەدەنىيەت تەۋەلىكى) دېگەن ئۇقۇمنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. بۇنى يەشسەك، جوڭگو تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنى جوڭخۇئا مىللىتى دېيسەك ( خەنسۇچىدا ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق دېيىلىپ كەلگەن، بۇرۇن پەقەت تەرجىمانلار بۇ سۆزنى كۆپلۈك مەنىسىدە جوڭخۇئا مىللەتلىرى دەپ تەرجىمە قىلغان، ئەمما 2009-يىلىدىن كېيىن بۇ تەرجىمە ئۆزگەردى. بۇرۇن ئۇيغۇرلار جوڭخۇئا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا كېيىن جوڭخۇئا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ تەرجىمە قىلىنماقتا. ئالدىنقى تەرجىمىدە ئۇيغۇرلار جوڭخۇئا مىللەتلىرىنىڭ بىرى، دېمەك يەنىلا ئايرىم مىللەت، كېيىنكى تەرجىمىدە مىللەتنىڭ بىرى يەنى جوڭخۇئا مىللىتى، خەنسۇچە ئەسلى مەنە كېيىنكىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلى خەنسۇچە مەنىنى تەرجىمانلار ”جوڭخۇئا مىللىتى ئېگىنى تۇرغۇزۇش“، ”تۆت تونۇش تەربىيىسى“قاتارلىقلاردىن كېيىن ئاشكارىغان بولۇشى

مۇمكىن)، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مىللەت ئۇقۇمى سىياسىي مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئەجدادى، تىلى، مەدەنىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قايسى دۆلەتتە ياشىغان بولسا شۇ دۆلەت بېكىتكەن مىللەتكە تەۋە بولۇش، سىياسىي مىللەتكە تەۋە بولۇش دېگەنلىكتۇر. سىياسىي مىللەتتە تەكىتلىنىدىغىنى پۇقرانىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى ئەمەس دۆلەت تەۋەلىكى (Seton Watson). ئېتنىك مىللەت ئۇقۇمىغا كەلسەك بۇنىڭدا تەكىتلىنىدىغىنى كىشىنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى ( تىل، تارىخ، ئەجداد، مىللىي خاراكتېر، مىللىي ئاڭ ئورتاقلىقى ئاساسىدىكى گەۋدە)، دۆلەت تەۋەلىكى ئەمەس. دېمەك بۇ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا ئۆزىمىزنى ئۇيغۇر دېگىنىمىزدە ئېتنىك مىللەت بولغان بولىمىز. جوڭخۇئا مىللىتى دېگىنىمىزدە سىياسىي مىللەت بولغان بولىمىز. ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەتنىڭ نەزىرىدە سىياسىي مىللەت، ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ئېتنىك مىللەت. جوڭگودىكى خەنسۇلار ئۆزىنىڭ ھەم ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە ھەم سىياسىي مىللەت ھەم ئېتنىك مىللەت. ئۇلار ئۈچۈن سىياسىي مىللەت بىلەن ئېتنىك مىللەت بىر ئۇقۇم. ئەمما مالايسىيادىكى ۋە باشقا ئەللەردىكى خەنسۇلارنىڭ ئېتنىك مىللەت ۋە سىياسىي مىللەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. خەنسۇ زىيالىيلىرى خېلى بۇرۇنلار بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن بولسىمۇ بۇ دۆلەتنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن ئىدى. 2009- يىلدىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ بۇنداق ئايرىلىشى گەۋدەلەندۈرۈلۈشكە باشلىدى. (مەن ”چالا تەرجىمان ئادەم ئۆلتۈرۈر “دېگەن تېمامدا مۇشۇنىڭغا ياندىش مەسىلىلەرنى دەپ ئۆتتۈم).

ئاپتورنىڭ ”ئىجتىمائىي مىللەت “دېگەن ئۇقۇمنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلمىدىم. ماقالىدە بىرمۇ نەقىل يوق. مەنچە ئاپتور ”ئېتنولوگىيىلىك مىللەت “دېگەننى ماقالىسىدە تىلغا ئالغاندەك ”تەبىئىي مىللەت “دەپ چۈشەنگەن بولغاچقا مەزكۇر سۆزنىڭ زىت سۆزى بولغان ئىجتىمائىي مىللەت دېگەن ئۇقۇمنى ياساپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. مەلۇمكى، ئا. مۇھەممەدئىمىن ماركسىزىمچى زىيالىي. ماركس ”ئادەم بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى “دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئاپتور ئۇيغۇرلارنى تەبىئىي مىللەت (ئېتنولوگىيەلىك مىللەت) دەپ قارىسا ماركسىزىمغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولغانىكەن،

ئىنسانلار توپى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ تەبىئىي مىللەت ئەمەس ئىجتىمائىي مىللەت بولغان بولىدۇ.

ئاپتور ئىجتىمائىي مىللەت بىلەن تەبىئىي مىللەتنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ، "ئىجتىمائىي مىللەتنى ئىتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان تونۇش ئېڭى، كۈچلۈك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى، ئاڭلىق ئەن ' ئەنىۋىي مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە بۇ ئۈچىدىن مۇجەسسەم بولغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت ." ئاپتورنىڭ بۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئۇقۇمى ھەققىدىكى قارىشى باشتىكى قارىشىدىن پەرقلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرنى ئىجتىمائىي مىللەت ئەمەس دېيىشتىكى ئاساسى "تونۇش ئېڭى، ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز، مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ئاڭسىز"، لېكىن ھېچ قايسىغا پاكىت كۆرسەتمىگەن. بۇ يەردىكى تونۇش ئېڭى دېگەن گەپنى مىللىي ئاڭ دەپ چۈشەنسەك ئاپتورنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئاجىز دېگىنىگە دەلىل تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئاپتور ھېچ دەلىلسىز شۇنداق دېگەن، ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭى كۈچلۈك. مەن بۇنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەيمەن. بىزدەكلا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە موڭغۇللاردا خەنسۇچە ئىسىم قويۇش كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئومۇملىشىشقا باشلىغان. موڭغۇللاردىن جوڭگونىڭ مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى بولغان ۋۇلەنفۇ خەنسۇچە ئىسىم قويغان. مەن ئىچكىرىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە موڭغۇللارغا دەرس بەرگەن، موڭغۇلچە ئوقۇغان بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە 7،8 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى خەنسۇچە ئىدى. ئەمما ئۇيغۇردىن مەركەزدە ئەمەل تۇتقانلاردىن خەنسۇچە ئىسمى بار بىرسىمۇ يوق. باشقىسىنى قويۇپ مەدەنىيەت ئىزچىللىقىغا كەلسەك، مەدەنىيەتتىكى ئىزچىللىق ئەسلىدىلا كۆپىنچە ئاڭسىز داۋاملىشىدۇ. ھېچ قايسى مىللەت ئەزەلىي بىر يەرگە كېلىپ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرايلى، بۇنى تاشلايلى دەپ مەسلىھەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن، ھېچقايسى ئۇيغۇر سوقا، جۇۋازدىن ئاڭلىق ۋاز كەچمىدى. زامان ئۆزگەرسە مەدەنىيەتتىكى بەزى ساھەلەردە ئىزچىللىق توختايدۇ.

ئاپتورنىڭ سىياسىي مىللەت ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ دەلىلسىز گەپلەر بولۇپ تەپسىلى رەددىيە ئۈچۈن ئايرىم ماقالە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ يازمىمىزنىڭ مەقسىدى ئەمەس. قىزىقارلىق يېرى ئاپتور يەھۇدىيلارنى سىياسىي مىللەت دېگەن. يەھۇدىيلار ئەمەلىيەتتە ئاپتورنىڭ ئېتنولوگىيەلىك مىللەت ھەققىدىكى شەرتىگىمۇ توشمايدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇرجەكلىرىدىكى يەھۇدىيلار شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى قوللىنىدۇ. تۈركىيەدە تۈركچە سۆزلەيدىغان يەھۇدى، ئۆزبەكىستاندا ئۆزبېكچە سۆزلەيدىغان يەھۇدى بار. ھەتتا يەھۇدىيلارنىڭ ئىرقىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ، قارا تەنلىك يەھۇدى، ئاق تەنلىك يەھۇدى…ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلارنى بىر مىللەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئامىل ئۇلارنىڭ دىنى ۋە شۇ دىنغا باغلانغان مۇراسىملىرىدۇر. مەلۇم مەنىدە يەھۇدىيلار بىر دىنى گورۇپپا، ئىقتىسادى گورۇھتۇر. ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى يوقالغان يەھۇدى تىلىنى ئۇلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن تىرىلدۈردى. چۈنكى ئۇلار ھەممە ئىشتا يات تىل قوللانغان بىلەن چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ تەۋراتنى يەھۇدى تىلىدا ئوقۇشنى ئىزچىل داۋام قىلغانىكەن.

خۇلاسەم شۇكى، مەزكۇر ماقالە ياخشى نىيەتتە يېزىلغان لېكىن ئىلمىي يېزىلمىغان ماقالىدۇر. ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللەتنى ئۈچكە ئايرىش ئۇسۇلىدا تەييار ئىلمىي ئۇقۇملار ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، يوق ئۇقۇملار ياسالغان، دەلىللىرى يېتەرسىز، ھۆكۈملەر ئىسپاتسىز بولۇپ قالغان. ماقالىنىڭ خەتەرلىك يېرى بىلىپ بىلمەي مۇستەملىكچىلىكنىڭ قاپقىنىغا دەسسىگەنلىكىدۇر. ئاپتورنىڭ مىللەتنى ئۈچكە ئايرىپ ئۇيغۇرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە قويۇشى مۇستەملىكچىلەرنىڭ مەنتىقىسىدۇر. مۇستەملىكچىكنىڭ تەلىماتىچە مىللەتلەر بىر بىرىدىن ئىلغار قالاقلىقى بويىچە دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ. مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەت ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىگە مەنسۇپ بولۇپ ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە قىلالىشىنى ئۇلارنىڭ ئىلغارلىقى بەلگىلىگەن. مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەت قالاق دەرىجىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇستەملىكىلىك تەقدىرىگە رازى بولۇشى كېرەك. مۇستەملىكچىلەر بۇ خىل تەربىيەنى ئاخبارات، مائارىپ قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن مۇستەملىكىلەنگۈچىگە سىڭدۈرۈپ ئۇلارنىڭ كاللىسىدا بۇ خىل دەرىجە پەرقىنى تەبىئىلىك دەپ قوبۇل قىلدىغان ئاڭنى

شەكىللەندۈردۇ. ھازىرقى دۇنيا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى بولغانلىقى سەۋەبىدىن دۆلەتلەرنى بىرىنچى دۇنيا ئەللىرى، ئىككىنچى دۇنيا ئەللىرى ۋە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى دەپ دەرىجىگە ئايرىشمۇ ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدى. ھازىر دۇنيادا ئىنساننى ۋە ئىنسانلارنى ھەرقانداق سەۋەپتىن دەرىجىگە تۈرگۈزۈش ئىرقچىلىقتۇر، مۇستەملىكىچىلىكتۇر، مەدەنىيەتسىزلىكتۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ھوسۇللۇق ئالىم، مىھنەتچان تەتقىقاتچى لېكىن ئۇنىڭ ھەممە قاراشلىرىنى ئويلاشمايلا قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىگە ئويلانمايلا ئەگىشىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى يۇقۇرىدىكى بايانلىرىمىزدىن مەلۇمدۇر.

## تۈركىيەدىكى نورۇزۇم

## گۈلەن

تۈنجى نورۇزنى يۇرتۇمدا بۈگۈنگىچە مەۋجۇدلۇقۇمغا سەۋەپ بولغان تۈيغۇلارنىڭ تۈنجى ئەۋجىدە ئۆتكۈزگەنىدىم. نورۇزدا ھاياجانلىرىمنى ئاڭلىتارغا كىشىم بارتى، ئاڭلىتالىغۇدەك جۈرئەت، قۇدرەت يوقتى. سىرىتقا تاشالمىغان ھاياجان ئىچىمگە تىنىپ قەلب قورغانلىرىمنى شۇ چاغدىن باشلاپ مۇستەھكەملىگەن بولۇشى مۇمكىن.نورۇزۇمىزغا مەرھۇم تارىخچىمىز كەلگەن، بىز بىلەن ساماغا چۈشكەنىدى. يۇرتۇمدىكى تۈنجى نورۇزنى قەلبىمگە يېلتىزلىغان ئازابلىرىمنى ئۇنۇتالمىغاندەكلا ئۇنۇتالمايمەن. يىگىرمە يىلدىن ئېشىپتۇ، خىيالىمدا يەنە شۇ نورۇز. شۇندىن كېيىن باشقىلارغا نورۇز يىگى يىلنىڭ باشلانمىسى بولسا ماڭا كونا ئازاپنىڭ ئەسلەتمىسى بولۇپ كەلدى.

بىيجىڭدىكى چاغلاردا دائىم ”نورۇز تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئورتاق بايرىمى “دەيتتۇق ۋە

مەكتىپىمىزدىكى قازاق، قىرغىز باغرىلىرىمىز بىلەن بىللە بايرام قىلاتتۇق. شۇڭمىكىن خىيالىمدا تۈركىيىدە نورۇز ئاجايىپ قۇتلىنىدىغاندەك تەسەۋۋۇردا ئىدىم. تۈركىيەگە كېلىپ تۈرك ئاغىنىلەردىن بۇ ھەقتە سورىسام ئانچە ئىرەن قىلىپ كېتىشمىدى. پەقەت “شەرقىي جەنۇبتىكى رايونلاردا چوڭراق ئۆتكۈزىدۇ” دەپ بولدى قىلىشتى. تۈركىيەدىكى تۇنجى نورۇز كۈنى تۈرك دوستلارغا تېلېفون قىلدىم، ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن. پەقەت ئاتا تۈرك مەدەنىيەت مەركىزىدە نورۇزلۇق مۇھاكىمە يىغىنى بولىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈشتى. نورۇز كۈنىنى يىغىن بىلەن ئۆتكۈزەمدىمەن؟ بارغۇم كەلمىدى. مەقسەدسىز ئەنقەرەدىكى قورتۇلۇش باغچىسىدا يەنە شۇ تۇنجى نورۇزنىڭ ئەسلىمىگە غەرق بولدۇم. خىيالىمغا “چالىقۇشى” رومانىدىكى فەرىدەنىڭ “سەندەدۇر، ئاۋارە كۆڭلۈم سەندەدۇر” دېگەنلىرى كەلدى. شۇ ئەسنادا بىر دوستۇم تېلېفون قىلىپ گازى(غازى) ئۇنىۋېرسىتېتىدە نورۇزنىڭ قۇتلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇئان گازىغا چاپتىم. باغچىدەك گۈزەل مەكتەپ تەۋەسىگە يېقىنلىشىشىم بىلەن جاندان ئەرچەتىن ئورۇنلىشىدىكى “ھەسرەت” دېگەن ئۇيغۇرچە ناخشا ياڭراشقا باشلىدى. كۆزلىرىمگە ياشلار ياماشتى، ئاھ ئۇيغۇرنىڭ ئۈنى، ۋەتەن ھەسرىتى. ناخشىچى ئىشەنچىنى، ئەقىدىسىنى مەشۇقىغا بېغىشلاپ داغدا قالغان مەجنۇننىڭ ھېكايىسىنى كۈيلىمەكتە ئىدى. ئۇيغۇر ئاشىقىنىڭ يا قۇچاق ئاچالماي، يا تاشلاپ قاچالماي قالغاندىكى ئىزتىراپلىق نالىسى يۈرەككە قۇيۇلماقتا ئىدى. “ۋەتەننى تاشلاپ كېتىمىزمۇ، ۋەتەندىن كېچىمىزمۇ؟” دەپ بوزلىغان چاغلىرىم ئېسىمگە كەلدى. ھاياتىمدا شۇ گەپلەنى دەپ مەست بولغان، بەلكىم شۇ گەپلەنى دېيەلمەي تۇنجى رەت مەستلىككە مەجبۇر بولغان بولغىيتتىم. كەتتىم، “سەن بولمىساڭ بولمايدۇ” غا كۆنگەن تىلىمنى “مەن بولمىسام بولمايدۇ” غا زورلىدۇم. بۇنداق دېسەم تەگسىز مەھرۇمۇقۇم تەسكىن تاپاتتى. ھاۋادا پۇلاڭلىغان قۇچاقلىرىمنى يىغىپ سېنى يوقتا چىقاردىم. پەقەت شۇندىلا ئۆزەم ئۈچۈنلا ياشىشىم كېرەكلىكىگە ئىشىنەلەيتتىم. سەندىن ئۆزەمگە، يوقلۇقتىن بارلىققا، يىراقلارغا كەتتىم. ئەمما سەندىن شۇنچە ئۇزاقتا، پات پات ياشلانغان چۈشلىرىمدە سېنىلا كۆرەلىدىم، ھەر دائىم سېنى، سېنىلا كۆرەتتىم. مەن ساڭا نىمىشقا بۇنچە باغلاندىم؟ سەن ھۆرلۈكمۇ؟ ياق، ھۆرلۈك ئىنساننى باغلىۋالمايدۇ، زەنجىرلىمەيدۇ. سەن بەختمۇ؟ ياق، ياق بەخت قوچىقىغا

قوۋۇشتۇرىدۇ، قىينىمايدۇ. باغرىڭدا توڭلاتتىڭ، سىغدۇرمىدۇڭ، ”كەتمە “دېگەن ئۈنسىز سادانى سەندىن تاپالمىدىم. مانا قارىسام كۆزۈم، چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەس بىر جايدا ھارارىتىڭدىن ئېرىمەكتىمەن. ئۈزۈندىن سېنى يوقلۇۋقا، خىيالغا چىقىرىپتىمەن، ئەسلى يوقلۇق، مەۋھۇملۇق مەنكەنمەن، سەن ھەر شەيئىدە مەۋجۇدكەنسەن، چۈنكى كۆرگەن مەۋجۇدلۇقتىن سېنىلا كۆرۈپتىمەن، سېنى يانسىتمىغان مەۋجۇدات يوقلۇۋقا باراۋەركەن. مۇشۇ كۈنگىچە ساڭا باغلانمىغان كۈن، سېنى ئەسلەتمىگەن ھېچ نەرسە يادىمدا يوقكەن. مەن ئۇچراتقان گۈزەللىكلەر ساڭا ئوخشىغاچقا گۈزەلكەن، مەن يولۇققان لىۋەنلىكلەر سېنىڭ سىياقىڭدا لىۋەنكەن.ناخشىنىڭ قانداق تۈگەپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. قارىسام چوڭ مەيدانغا يىغىلغان ئوقۇغۇچىلار گۈلخاننى چۆرىدەپ تۈركچە ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇ. تۈركىيەگە بارماستا بىر دوستۇمنىڭ، ”تۈركلەر بەك ئۇزكەن، بەزەن ئۆزەمگە سەپ سېلىپ كوچىغا ياراشمىغاندەك ئويلاپ قالىمەن، قارىسام قارىسام ئەڭ كۆرۈمسىز مەنكەنمەن “دېگىنى ئېسىمگە كەلدى. ئۆزبېك قېرىنداشلار قەشقەر راۋابىغا داپنى تەڭكەش قىلغان ناخشىسى بىلەن نورۇزنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى، شۇنچە ھاياجان بىلەن ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپمۇ ئۇ كۆزلەرىدىن ماڭا تەۋە نۇرنى تاپالمىدىم. ئاندىن ئۆزبېكىستان ئەلچىخانىسىدا ئېتىلىپ كەلگەن پولۇ تارقىتىلدى. بۇرنۇمغا پولۇ ۋەتەندەكلا پۇراپ كەتكەچكە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا تىزىلغان ئۆچرەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا كېلىپ تۇرۇدۇم.

بىر تەخسە پولۇ، بىر بارداق(ئىستاكان) ئايران، قەغەز ياغلىق ۋە تەخسىچاققا ئازراق سالاتا(خام سەي) ئېلىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي گۈپۈلدەپ ۋەتەن ھىدى كېلىپ تۇرغان پولۇغا دۈم چۈشتۈم. پالاكەتلىكىمدىن قولشالماي يەنە بىر قولۇمدىكى ئايران تىزىمغا تۆكۈلۈپ كەتتى، قولۇمدىكى قەغەر ياغلىق يېتىشمەي، ئەتراپىمغا ئىختىيارسىز قاراپ قاپتىمەن، نېرىراقتا مەندەك چالا-پۇلا ئولتۇرۇپلا پولۇ يەۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى بالا كېلىپ سومكىسىدىن قەغەز چىقاردى ۋە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بارداقنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى. مەندەك ۋەتەندىن ئايرىلغان مۇساپىرغا بۇ كىچىككىنە ھەرىكەت نورۇز سوۋغىسىدەك تۇيۇلۇپ كۆڭلۈم ئىللىپ كەتتى. نورۇز توغرىسىدا بۇ تۈرك بالا بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە نورۇز بۇرۇن بەك تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىلەركەن. ھەتتا تۈركلەردە بۇ كۈن ئەرگىنە قوندىن چىقىش كۈنى دەپ قارىلىپ

ئۇلۇقلىنارمىشكەن. ( ئەرگىنە قوندىن چىقىش كۈنى دېگەنلىك، تۈرك رىۋايەتلىرىگە كۆرە بوۋىلىمىز ئۇچار قانات ئۆتەلمەس تاغلار ئارىسىغا قاپسىلىپ 400 يىل ياشىغاندىن كېيىن كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشىدا ھۆرلۈككە ئېرىشكەن كۈننى كۆرسىتىدۇ. ئەرگىنە قوندىن چىقىش دېگەنلىك ئازادلىققا قوۋۇشۇش مەنىسىدە كېلىدۇ). 1920- يىلدىن كېيىن تەدرىجى كۈچەيگەن ۋە ئاخىرى تۈركىيەنىڭ بېشىغا بالا بولغان كۈرت مۇستەقىللىك ھەركىتى داۋامىدا نورۇز كۈرت مۇستەقىلچىلىرىنىڭ پائالىيەت كۈنىگە ئايلىنىپ قالغان. كۈرتلەرنىڭ نورۇزنى باھانە قىلىپ يىغىلىش، نامايىش، كۈچ كۆرسىتىش ۋە توپىلاڭ قاتارلىق ھەركەتلەردە بولۇشى، ئەسكەرلەرنىڭ دائىم قوراللىق چارلىشى، تۈرك خەلقىنى نورۇزنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. بىر قىسىم تۈرك خەلقىدىكى كۈرت مۇستەقىللىقچىلىقىغا قارشى نەپرەت، بىر قىسىم رايونلاردا ئۇلارنىڭ نورۇزغا بولغان سۆيگۈسىنى زىدىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى تۈرك ۋە كۈرت خەلقىگە نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئورتاق بولۇپ كەلگەن بۇ بايرام، كۈرتلەرنىڭ بايرىمىغا ئايلىنىشقا يۈزلەنگەن. كۈرتلەر ئۈچۈن بۇ كۈن توپلىنىش كۈنى، يىگىلەۋاتقان مەۋجۇدلۇقنى ئىسپاتلاش كۈنى، قەلبىدىكى ئارزۇلىرىنى جاكارلاش كۈنى. تۈركلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ھۆرلۈككە قوۋۇشقان كۈنگە ئوخشاتقان بۇ كۈن ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھۆرلۈكى دەخلىگە ئۇچرايدىغان كۈنگە ئايلىنىپ قالغان. تۈركلەر نورۇزنى ھۆرلۈككە ئېرىشكەن كۈنىمىز دەپ قۇتلىسا كۈرتلەر ھۆرلۈككە تەلپۈنگەن كۈنىمىز دەپ قۇتلىغان. نەچچە مىڭ يىللىق بىرلىككە زېمىن بولغان نەۋرۇزنى نىمىشقا يۈز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا بۆلۈنۈشكە مەيدان ھازىرلايدۇ؟ شىڭ شىسەي نورۇزنى چەكلىگەن، ئۇ مەلئۇنمۇ خەلقنىڭ ئەركىنلىك ئارزۇسىدىن قورققان بولغىيمىدى؟ خەلقنىڭ يەتتە كۈندىن توققۇز كۈنگىچە داللارغا توپلىنىشى، جانبازلىق، چامباشچىلىق قىلىشىنى، داش قازانغا بايمۇ، گادايمۇ تاپقاننى تاشلاپ تەڭ يىيىشىنى، بەيگە قىلىپ، ئوغلاق تارتىششىنى ھۆرلۈك ئىرادىسىنىڭ نامايىشى دەپ ۋايىم يىگەن بولغىيمىدى؟ بەلكىم ئۇ ئۇيغۇرنىڭ توپلىنىشىدىنلا ئەمەس، توپ ئىچىدە ھىس قىلىنىدىغان ئورتاق قايغۇ، ئورتاق ئارزۇ ۋە ئورتاق غەزەپنىڭ توپلىنىشىدىن تەھدىت ھىس قىلغان بولسا كېرەك. يەككە تۇرغاندا بىز پەقەت مەمەت، سەمەت، توپلانغاندىلا ئۇيغۇرلىقىمىز گەۋدىلىنىدۇ. ئائىلىمىزدە

ئۆيىمىزگە ئۇيغۇرچە لەۋھە ئاسمايمىزۇ، توپلانغان سورۇنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن ئۇيغۇرلۇقىمىز ئەكىس ئەتسىكەن دەيمىز. شۇنداق سورۇنلاردا ئۇزۇندىن كېيىمگەن دوپپا، ياغلىقلىرىمىز بېشىمىزغا چىقىدۇ، ھەم شۇنداق قىلغانلار كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. شىلىڭ شىسسەي ئىبلىسلا ئەمەس ئىبلىسلىقنىڭ ئالىمكەن. توققۇز كۈن داللارنى بىر ئالدىغان، باينىمۇ، نامراتنىمۇ، قادىرنىمۇ، ئاجىزنىمۇ تەڭ قىلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ نورۇزىنى چەكلەپ بىر نامازدىن باشقا ھەممە پائالىيەت ئۆيلەردە بولىدىغان قۇربان ۋە روزا ھېيتىمىزغا چېقىلماپتۇ. شۇندىن كېيىن نورۇزىمىز ئۇنتۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئېسىمىزگە كەلگەندە داۋام قىلىش تەس بوپتۇ. بۈگۈن ئۇيغۇرلىقىمىزدا نورۇز تېخىمۇ تارايتىلىپ ھاۋايى مۇئەللەقتىكى قەپەسلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان جانسىز ئىكرانىدا قاپتۇ. ئۆيدىكى ئۇيغۇرلۇق شەخسىنىڭ ئۇيغۇرلۇقى، سەھنىدىكى نورۇز سەھنە باشقۇرغۇچىنىڭ نورۇزى. بۇلارنى ئويلاپ ئۆزەمنى قۇرۇتتەكلا ھىس قىلدىم.

مەكتەپنى ئايلىنىپ قارىسام ھەممە يەردە ساقچى، كۆرۈنگەنلىكى تام ”بىژى نەۋرۇز، بىژى كوردىستان، كوردىستانى ئازادى، ئىستىقلالى كوردىستان ) “باشتىكى شۇئارنىڭ مەنىسى، ياشىسۇن نەۋرۇز، ياشىسۇن كوردىستان)•••دېگەندەك شۇئارلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېتىۋېتىپمۇ بۇنداق شۇئارلارنى جىق كۆردۈم، ھەتتا بىر ئۈچۈر تېمى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كورت يېزىقىدا يېزىلغان، كورد مۇستەقىللىقى تەرغىپ قىلىنغان مۇراجەتنامىلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. مەن پارىسچىنى چالا پۇلا بىلىدىغان بولغاچقا مەنىسىنى ئازراق چۈشىنىپ چۆچۈپ كەتتىم. ”يا مۇستەقىللىق يا ئۆلۈم•••يا تۈركىيەگە قۇل بولۇپ ياشا ياكى كورد بولۇپ ئۆل•••كۈرتنىڭ نومۇسىنى ئۆلۈملا يۇيىدۇ، ئەڭ ئۇلۇغ كۈرت شەھىد بولغان كۈرتتۇر “•••دېگەندەك چاقىرىقلاردىن پورۇخ ھېدى پۇراپ تۇراتتى.

ئېغىر قەدەملىرىمنى تولىمۇ تەستە سۆرەپ مېتروغا قاراپ يول ئالدىم. ئويلاپ كەتتىم، تۈركىيە مۇشۇ مۇستەقىلچىلەرنى تۈركىيەدە كۈردىستان شۇئارىنى تۈۋلىغىلى قويغان بولسا، ئۇلار مۇشۇنداق ئاشقۇن(رادىكال) يولغا كىرىپ كەتمەس بولغىيمىدى؟ نېمە دەپ شۇئار تۈۋلىغىسى كەلسە تۈۋلىسا، ئەگەر تۈۋلىغانلىرىغا خەلق ئەگەشسە شۇ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سايلام بىلىتى بىلەن پارلامېنتقا كىرسە، شۇ يەدە داۋاسىنى


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

يۇمۇلاق شىرەگە قويۇپ ھەل قىلسا بولماسمىدى. تاغلارغا چىقىپ جان بېرىپ جان ئالغىچە خەلقىنىڭ ئاۋازىغا قويۇپ قايسى رايۇندا كىمگە تەۋە بولۇشىنى خالىسا شۇنىڭغا تەۋە بولۇپ ياشىسا بولماسمىدى؟ مېترو تاملىرىغا قالايمىقان چاپلانغان شۇئارلار كۆزۈمگە مۇسىبەتنىڭ ئاق باغىقىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

مېتروغا ئەمدىلا چىقىپ ئالدىمغا قارىشىمنى بىلەرمەن، تاس قالدىم ۋارقىراپ تاشلىغىلى. ئالدىمدا ماڭا شۇنچە تونۇش بىر ئۇيغۇر قىزى تۇراتتى! چاندۇرماي چاچلىرىمنى تارتىپ باقتىم، ئاغرىدى، دېمەك چۈشۈم ئەمەسكەن. لېكىن بۇ قىزنىڭ زادى كىملىكىنى دەماللىقا ئەسلىيەلمىدىم، سوراپ باقاي دېدىم، تونۇمىغانلىقىمدىن رەنجىمىسۇن دەپ ئەنسىرىدىم. كاللام يەنە ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرىكى ھاياتىمغا قايتتى. قىزغا قاراپ تۇرۇپلا قالغان بولسام كېرەك، ماڭا كەينىنى قىلىۋالدى. بىر ئامال قىلىپ ئالدىغا ئۆتتۈم، شۇ ئارىدا بۇ قىزغا تېلېفون كەلدى. قىزنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئىنكار قىلىپ تۇرسىمۇ، تۇيغۇلۇرۇمنى رەت قىلالماي ۋاتاتتىم. قىز ئىچىمدىكىنى بىلگەندەك ماڭا لەپپىدە ئالىيىپ قارىدى، شۇ دەقىقىدە كۆز ئالدىمدا ۋىناسىنىڭ ھەيكىلى چۈل چۈل بولدى. بۇ قىز مەن كىملىكىنى ئەسلىيەلمىگەن ئۇيغۇرۇم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن "نېمىگە قارايسەن! قانداق دېگەن بېزەڭلىك بۇ؟" دېگەن كۈچلۈك سوراق مىگەمنى تېشىپ ئۆتتى. ئۇ قىز ئۇيغۇر قىزلىرىدەك يەرگە، قارىۋالمىدى، قىزارمىدى، ھودۇقمىدى، بەلكىم كۆزۈمنىڭ ئىچىگە مىقتەك تىكىلىپ مېنى مۇزدەك رىياللىققا قارىتىپ ئاتتى. شۇچاغدىلا ۋەتەندىكى نورۇز ئەسلىمىسىنىڭ قەلبىمدە زامان ۋە ماكانىنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكىگە تەن بەردىم.

# مەسلەك قىزغىنلىقى ۋە تاشلاندۇق مەسىلىلەر

## گۈلەن

كىرىش: مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە مەسلەك (ئىدولوگىيە) قىزغىنلىقى

مىللەتنىڭ «نۇقسان» لىرىنى سازايى قىلىش ئەۋج ئالغان زامانلاردا يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر بۇ قىزغىنلىقنى ئۆيگە ئوغرى كىرسە ئوغرىنى تۇتماي هەممەيلەننىڭ «ئوغرى كەلدى!» دەپ تۇشمۇ ـ تۇشتىن ۋارقىراشلىرىغا ئوخشاتقان ئىكەن. مەنچە 90-يىللاردا ئەۋج ئېلىپ هازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىدا مەسىلىنىڭ بايقالغانلىقى قىممەتلىك. هازىرقى ئىزدىنىشلەر مەسىلىلەر بايقالغاندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەك دېگەن تۇتقۇغا باغلىنىپ مېڭىۋاتىدۇ. مەن ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىدا مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلەن ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنمىغاچ، بۇگۈنكى قارىغۇلارچە مەسلەك(ئىدولوگىيە) قىزغىنلىقىغا يول ئاچتى دەپ قارايمەن. دېمەكچى بولغىنىم، مەسىلە كونكرېت تەھلىل قىلىنغان بولسا هەل قىلىش چارىلىرىمۇ كونكرېت بولغان بولاتتى ـ دە، كىشىلىرىمىز هەممە مەسىلىگە بىر مەسلەكنى تەدبىقلايمىز دەپ تارتىشمىغا چۈشمىگەن بولاتتى. مەنچە هازىر بىلگىنلەر قىلالايدىغان ئىش مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ئەندىزىلەرنى تونۇشتۇرۇش بولۇشى كېرەك. ۋاھالەنكى هازىر ماڭا مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ئەمەس مەسىلىنى هەل قىلىدۇ دەپ قارالغان مەسلەكلەرنى، بۇ مەسلەكلەرنى ياقىلىغۇچىلارنى تەھلىل قىلىش ۋە مەسلەكلەرنىڭ كەلگۈسى رولى مۇنازىرە قىلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. تۆۋەندىكى هېكايەتلەر مەسلەك مۇنازىرىسى ۋە ئەۋلىيالىق، مەسلەك سۆيگۈسى ۋە ئەقلى تەپەككۇر، مەسلەك قىزغىنلىقى ۋە روھى كەمتۈكلۈك قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈشتە مىسال بولالايدۇ.

1. ئۆمىد غەنىنىڭ هېكايىسى

ئۇمىد بىر پاراڭ ئارىلىقىدا دېدىمۇ يا شۇنداق بىر ھېكايە ئېلان قىلدىمۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق. يادىمدا قېلىشىچە ھېكايە شەپكە سېتىۋالماقچى بولغان بىرسىنىڭ شەپكىنى قايەردە ساتىدىغانلىقىنى ۋە قانداق شەپكە ئالسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە دوستلىرىدىن مەسلەھەت سورىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچقان بىرى شەپكە زادى ئۇيغۇرنىڭمۇ ئەمەسمۇ؟ شەپكە دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇرلار قاچاندىن باشلاپ شەپكە كىيىشكە باشلىغان دېگەن تېمىدا سۆز باشلاپ مۇنداق تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شەپكە دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە ئەمەس، بەلكى پرانسوزچە، شۇڭا شەپكە ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس. شەپكىنىڭ ئۇيغۇرغا كېلىشى ئىككى تەرەپتىن بىرى روسسىيەدىن قېچىپ كەلگەن رۇسلار ئارقىلىق غۇلجىدىن تارقالغان، يەنە بىرى تۈركىيەدىن قەشقەرگە كەلگەن زىيالىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن قەشقەرگە تارقالغان. مۇستاپا كامال ئىستانبول قاتارلىق مەركىزى شەھەردىكىلەرگە قالپاق كىيىشنى باشقا يەردىكىلەرگە شەپكە كىيىشنى بۇيرىغان شۇڭا ئۇيغۇرلار شەپكە كىيىشكە باشلىغان. يەنە بىر دوستى، بىز دېگەن مۇسۇلمان ناسارالارنى دوراپ شەپكە كەيسەك قانداق بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىزمۇ شەپكە كەيمىگەن، شۇڭا شەپكە دېگەن مۇسۇلمان كىيىدىغان نەرسە ئەمەس دەپ پەتىۋا بېرىدۇ. يەنە بىر دوستى، قويۇڭلار مۇشۇ شەپكە دېگەن نەرسىنى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تۆت كونىنى يوقۇتىمىز دەپ ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايلىق دوپپىلىرىنىڭ ئورنىغا ماشرەڭ ئەسكەر شەپكىسى ياكى خەنزۇلارنىڭ قارا كۆك ئىشچى شەپكىسى ئومۇملاشتۇرۇلغان. ئېمىشقا شۇنچە جىق دوپپا، تۇماق، تەلپەكلىرىمىز تۇرسا يەنە شەپكە كەيگىدەكمىز! ھەي مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىزە مەدەنىيەت ئىنقىلابى تۈگىگەنگە 30 يىلدىن ئاشتى، يەنە شۇ خەق كەيدۇرۇپ قويغان شەپكىنىڭ خىيالىدا يۈرگەن•••بۇ مۇنازىرە بەك قىززىپ كېتىپ «مەن» نىڭ شەپكە ھەققىدە سورىغان سۇئالى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بېشى بەك تولۇپ كەتكەن «مەن» ئامالسىز مۇنازىرىنىڭ ئاياقلىششىنى ساقلىمايلا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

2. نىل دەرياسى بويىدىكى ۋە بېيجىڭدىكى ھېكايە

بىر ئۇيغۇر ئالى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مىسىرغا ئىلمىي زىيارەت ئۈچۈن بېرىپتۇ. شۇ

چاغدا مىسىردىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتتىتا 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتقان ئىكەن. مەزكۇر كىشى سىردىشىش جەريانىدا كۆپىنچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلىدىن يېزىقچىلىق ساۋادى يوقلىقىنى بىلىپ ئېچىنىپتۇ. مەسىلەھەت ئارقىلىق بىر يېزىقچىلىق سىنىپى ئېچىلىش قارار قىلىنىپتۇ. دەرس باشلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن باللار ئازلاپتۇ. بىر كۈنى پەقەت بىر قانچىلا ئوقۇغۇچى كەپتۇ. سەۋەبى سورالغاندا «مۇئەللىم سىزنى ناماز ئوقۇمايدىكەن، بۇنداق كىشىدىن دەرس ئېلىش جايىز ئەمەس دەپ باللار كەلمىدى» دېگەن جاۋاپ چىقىپتۇ.

بېيجىڭدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ستۇدېنتلار ئىنگلىزچە ئۆگەنمەكچى بولۇشۇپ بىر غەربلىك ئوقۇتقۇچىنى تېپىپتۇ. ئوقۇتۇقۇچى تولىمۇ ئوبدان ئۆگەتكەنمىش. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خىرىستىيان دىن تارقىتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى توختۇتۇپتۇ
.

3. كىم مۇسۇلمان؟

مەن توردا ئۇنى بۇنى يېزىشقا باشلىغاندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ دىنسىز دېيىشلىرىگە دۇچ كەلدىم. مەن ئۇرۇمچىدىكى بىر مەسجىدتىمۇ كىشلەرنىڭ بىر بىرىنى دىنسىز دېيىشكىنى ئاڭلىغان بولغاچ غەزىۋىم كەلسىمۇ سەۋرى قىلدىم. بىر ئۇيغۇر كەنتىدىكى مەسجىدتە كىمنىڭ ئىمام بولۇشى ھەققىدە تارتىشما بولۇپتۇ. ئىمام بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىرى جامائەتكە رىقابەتچىسىنى «بىز بىلەن بىر يولدىن ئەمەس، سالىھ مۇسۇلمان ئەمەس، چۈنكى •••مەزھەپتىن» دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. دائىرىلەرگىمۇ بۇ ھەقتە دوكلات سۇنۇپ مەسجىدنى تاقىتىپ قويۇپتۇ. «ئۇيغۇر ئىسلام مۇنبىرى» دېيىلگەن مۇنبەرگە تېما يوللىسام دەسلەپ ئۆچۈرۈشتى، كېيىن قارىسام تور ئىسمىمنى كىرەلمەس قىلىپ تاقاپ قويۇپتۇ. ئۇ مۇنبەردە «ئاياللىمنى ئاپامغا ئوخشاپ قاپسەن دېسەم بولامدۇ؟»، «جىننىڭ ئايالى، بالىسى بارمۇ؟»، «خەنزۇ قىزنى ئالسام بولامدۇ؟» دېگەن تېمىلار ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «مۇھىم»تېمىلارنى يوللىغان تورداشلار قارشى ئېلىنىپتۇ. مېنى تەئەججۈپلەندۇرگىنى توردا پەرقلىق پىكىردىكىلەرنى چەكلىۋەتكەن باشلىق بىلەن ئىماملىق تالىشىپ مەسچىدنى تاقىتىۋەتكەن «باشلىق»

نىڭ قىلىقىدىكى ئوخشاشلىق. بەزىلەر مېنى خىرىستىيانغا چاپان ياپقان ناسارا چوماقچىسىغا چىقارغان بولدى. قىزىق يېرى مەن ئىشلىگەن ھېلىقى ئالىي مەكتەپنىڭ دېكى پاملىلىك شۇجىسىمۇ مېنى فاكۇلتېتنىڭ يىغىنىدا «خىرىستىيان دىنى ئورگىنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئامېرىكىغا كەتتى» دەپ گەپ تارقىتىپتىكەن. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى بىرى مېنى دېك بىلەن شامال ئىسمىلىك ئىككى مىللەتكە مەنسۇپ ئىككى كىشىنىڭ ئوخشاش شەكىلدە باھالىشى.

1. يۇقارقى ھېكايىلەرنىمىنى چۈشەندۇرىدۇ؟

1. 1. مەسلەك قىزغىنلىقى ئەمەس ئەۋلىيالىق داۋاسى

بېشى توكۇپ شەپكە ئېلىشنى ئويلاشقان كىشىنى مەسىلىنى بايقىغان كىشى دېسەك. دوستلىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى شەپكىنىڭ قەيەردە سېتىلىدىغانلىقى، قانداق شەپكە ئالسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە گەپ شەپكىدىن يەنى كونكرېت مەسىلىدىن ھالقىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۆك تارىخى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ نېمە كىيىپ كەيمەسلىكى، نەچچە ئون يىل بۇرۇنقى سىياسى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇيغۇرغا تەسىرى•••قاتارلىقلارغا بۇرىلىپ كەتكەن. ئۇمىد غېنىنىڭ يازغىنى بىر ھېكايە لېكىن بۇنى تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرۇتۇپ تۇرىمىز. بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مەسىلە زادى نېمە، نېمە سەۋەپتىن كېلىپ چىققان، دائىرىسى، تەسىرى نەدىن نەگىچە، قانداق ھەل قىلىمىز دېگەندەكلەر ئويلۇشۇلماي تۇرۇپ مەسىلەكلەر ئوتتۇرىغا تاشلىنىدۇ. بىرسى ئاتا ـ بوۋىمىز قانداق قىلغان دېگەندىن باشلىسا يەنە بىرى دىنىمىز قانداق ھۆكۈم قىلىدۇ دېگەنگە كىرىشىدۇ، بىرى قوشنىلار قانداق قىلغان بولغىيدى دەپ بولغىچە يەنە بىرى ھۆكۈمەت يول قويارمۇ دېگەن ساراسىمىگە چۈشىدۇ. نەتىجىدە مەسىلىنىڭ نېمىلىكى بىر چەتتە قېلىپ مەسىلەكچىلەر ئۆز مەسلەكلىرىنىڭ دېپىنى داراڭلىتىپ چالىدۇ. بۇنداق شاۋقۇن سۈرەنلەر نەتىجىسىدە كۆرگىلى بولىدىغان مەسىلىنى كۆرۈنمەس مەسلەكلەر ئىچىگە غەرق قىلىشىۋېتىدۇ. بۇ يەردە شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى ھېچقايسى مەسلەكچى مەسلىكىنىڭ توغرىلىقىنى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاشنى، مەسلىكى ئۈچۈن يەككە ـ يىگانە، ئۈن ـ تىنىسىز ئىشلەشنى خالىمايدۇ. بۇ يەردە شۇنداق بىر

خۇيسەنلىك يوشۇرۇنغان. بۇ مەسلەك سەۋدالىرىنىڭ دېمەكچى بولغىنى بۇيرۇق مەندىن بولىدۇ، ھەرىكەت باشقىلاردىن بولسۇن دېگەندىن ئىبارەت. تېگى تەكتىدىن ئالغاندا ئۇلار يا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مەسلەك ئۈچۈن يەڭ تۈرمەيدۇ، يا ئۆزى خاتا دەپ قارىغانغا قارشى مەيدانغا سەكرىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىدى توغرا يولنى مېڭىپ كۆرسىتىش ئەمەس داڭلاپ تەسۋىرلەش. ئۇلارنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىن قوغلۇشۇۋاتقىنى ئەتراپىغا بىر تۈركۈم قۇلاق مولللىرىنى يىغىپ پىر ئەۋلىيالىق قىلىش ئارقىلىق قىممەتسىز ھاياتىنى «خوش، خوش، ھەقراس»لار ئارقىلىق قىممەتكە ئىگە قىلىش. بۇ يەردە مەسلەكچى ئىنساننىڭ قىلىۋاتقىنى ئۆزىنى خەلق مايىل بىر ئىدولوگىيەگە باغلاپ يۈز تېپىش. ئوقۇغان بىلگەنلىرىنى نامايان قىلىپ ئەۋلىيا بولۇۋېلىش. بۇ يەردىكى داۋا مەسلەك داۋاسى ئەمەس ئالىملىق، پىشىۋالىق، ئەۋلىيالىق داۋاسىدۇر.

## 2.1. مەسلەك قىزغىنلىقى ۋە ئەقلى تەپەككۇردىكى خامىلىق

ئىككىنچى ھېكايىدە تىلغا ئېلىنغان ئىشلار بەكمۇ قىزىقارلىق. بىرسىدە ئۇيغۇر تالىپلار بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىدىن «ناماز ئوقۇمايدىكەن» دەپ بىلىم ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن بولسا، يەنە بىرىدە ئۇيغۇر ستۇدېنتلار«دىن تارقىتىدىكەن» دەپ ئۆگىنىشنى تەرك ئەتكەن. مەن ناماز ئوقۇمايدىغان ئۇيغۇردىن دەرس ئېلىشنى خالىمىغان كىشىلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن يەھۇدىلار ئىچىدىكى خەت تونۇيدىغانلىرىنى مۇسۇلمانلارغا خەت ئۆگىتىش ھېسابىغا ئازات قىلىۋەتكەنلىكىنى ئويلىۇشۇپ بېقىشقا ئۈندەيمەن. بۇ يەردىكى مەسىلە مۇئەللىمنىڭ ناماز ئوقۇماسلىقى بولسا، تەدبىر يىراقلىشىش، تاشلىۋېتىش ئەمەس ھەل قىلىش بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئۇيغۇر مىلىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئۇيغۇرئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسرىدە يېتىلگەن، ئۆسكەن بولىدۇ. ئەگەر شۇ داڭلىق دىنى ئۈنىۋېرسىتتىتا ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ بىر ئۇيغۇرنى ئىبادەتكە دەۋەت قىلغۇدەك بىلىمى ۋە تىرىشچانلىقى بولمىسا بۇلارنىڭ ئالى مەكتەپتە نېمە ئوقۇشىدىن قەتئىي نەزەر تەرجىمان ياكى ساقچى بولۇپ جان بېقىۋاتقان ستۇدېنتلاردىن نېمە پەرقى. بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە بىلىم ئېلىش پەرز قىلىنغان مۇسۇلماننىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى «ناماز ئوقۇمايدىكەن» دەپ ئىلىم ئېلىشتىن ۋاز

كېچىشى ئادەمنى ئۈمىتسىزلەندۈرمەيدۇ قالمايدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە تەھلىل قىلغاندا «خىرىستىيان دىنى تارقىتىدىغان» لىقى گۇمان قىلىنغان ئوقۇتقۇچىدىن ئېنگىلىزچە ئۆگىنىشنى رەت قىلىشمۇ مەسىلىدىن قېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەزكۇر ئوقۇتقۇچى راستىنلا دىن تارقاتقۇچى بولغان تەقدىردىمۇ تەدبىر قېچىش، يىراقلاش بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ھازىر دۇنيا بىر كەنت ھالىتىگە كەلدى. تۈرلۈك ئىدىيەلەر، مەسىلەكلەرگە دوقارىشىپ تۇرۇشتىن ھېچ كىم ساقلىنالمايدۇ. بۇرۇنقىدەك باشقا قاراشتىكى كىشىلەردىن يىراقلىشىش، ئۇچراشماسلىق ئارقىلىقلا ئېتىقادنى قوغداپ قالغىلى بولمايدۇ. سىز يۈزلىنىشتىن قورققان خىرىس ئەگەر بايقىمىسىڭىز كىنو، تىياتىر، زىننەت بويۇملىرى ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھاياتىڭىزنى ئۈنسىز تىزگىنلەپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ھېچ بولمىغاندا سىز قېچىۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە باشلانغۇچ بىلىمدىن بولسىمۇ خەۋەردار بولۇشىڭىز كېرەك. بۇ ئىككى ھېكايەتتىكى ئورتاق نۇقتا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مەسىلەكتە بولمىغانلاردىن قېچىش، ئۆز مەسلىكىگە رىقابەتچى چىقىپ قېلىشتىن قورقۇش، قىسقىسى ھەرقانداق ساھەدىكى بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرنى سىنايدىغان لوگىكىلىق تەپەككۇردىكى خاملىق بولۇشى مۇمكىن. مەنچە مەسلەككە بولغان سۆيگۈ ئەقلىي قايىللىق بىلەن كۈچلەنمىسە رىقابەتكە، مۇنازىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مەسلەككە خىرىس قىلىدىغان مەۋجۇد زىددىيەتتىن قېچىش مەسلەكنى خەققە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەقلى تەپەككۇردىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ ئىسپاتى. مەسىلىلەرگە يۈزلىنىش، ئەتراپلىق ئىزدىنىش، قانداق ئىنكارغا قانداق رەددىيە بېرىش، قايسى باھانى قانداق تەنقىد قىلىش قاتارلىقلار لوگىكا تەلەپ قىلىدىغان جەريان. مەسلەكنى چۈمبەل قىلىپ مەسىلىنى كۆرمىگەنگە سېلىش، ياكى ئۆزىنى قاچۇرۇش مەسىلىنىڭ يوقلۇقىغا ياكى يوقالغانلىقىغا باراۋەر ئەمەس. شۇڭا مەسىلىگە يۈزلىنىش مەسلەك ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئارتتۇرىدۇ، تەپەككۇرنى بىلەيدۇ، سۆيگۈنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەگەر يۇقاردا تىلغا ئېلىنغان تالىپ ۋە ستۇدېنتلاردا مەسلەك مۇنازىرىسىدە يېڭىپ چىققۇدەك بىلىم، شۇ بىلىملىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرگىدەك تەپەككۇر قابىلىيىتى بولغان بولسا ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىگەن بولاتتى.



QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

## 3.1. مەسلەك قىزغىنلىقى ۋە پىسخىك كەمتۈكلۈك

بەزىلەرنىڭ مۇنازىرىدە يېڭەلمىسىلا باشقىلارنى دىنسىزغا چىقىرىشى ھەسەتخورلۇقتىن. ئۇلارچە مەسلەكمۇ خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇلار مەسلەك ھەققىدىكى مۇنازىرىدە ئۇتتۇرۇپ قويۇشتىن خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلىدىن ئەنسىرىگەندەكلا ئەنسىرەيدۇ. ئۇلارغا مۇنازىرىدە كىم ئۇستۇنلۇك قازانسا شۇنىڭ پۇلى ئۆزىدىن جىقتەك ھىس قىلىپ ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خەقنى دىنسىز دېگىنى پۇلسىز دېگىنى، ئۇلارچە پۇلسىزلار پۇل توغرىسىدا پۇلدارلار بىلەن مۇنازىرە قىلسا بولمايدۇ. مەسجىدنى تاقىتىۋەتكەن ۋە مېنى مۇنبەردىن قوغلىغان قىلىقا كەلسەك بۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى مۇستەبىتلىك. بۇنداق كىشىلەر ئۆزى توغرا دەپ قارىغان يولنى مەسلەكتىكى يېگانە توغرا يول دەپ قارايدۇ. باشقىچە قاراش ۋە تونۇشلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ ۋە بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىز گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىستىبداتلىق ئورنۇمغا ۋەھىمە كېلىدۇ-دەپ قورقىدۇ. ئۇلارغا مەسلەك نېمە بولسا، باشقا ئەگەشكۈچىلەر نېمە بولسا بەرىبىر پەقەت ئۆزى تەۋە بولغان يولغا دەخلى يەتمىسىلا بولدى. ئۇنداقلار ئۆزى تۇتقان يولنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق ھوقۇقا باش ئۇرۇشقا رازى. ناۋادا ئۇلارنىڭ قولىغا ھوقۇق تېگىپ قالسا قامچىسى قېرىنداشلارنىڭ بېشىدا ئوينايدۇ، خۇددى مېنى چەكلىۋەتكەندەك. ئاخىرقى مىسالدا ئەكس ئەتكىنى مەنچىللىك. بۇنداقلارنىڭ مەسلەكچىلىك قىلىشىدىكى مەقسەد، شەخسىي خاھىشنى ئادەم توپلاش ئارقىلىق كۈچكە ئىگە قىلىش، قانۇنىيلاشتۇرۇش. مەن بۇنداقلاردىكى مىكىرنى شەخسى خاھىشنى ۋە ئىززىتىنى مىللەتلەشتۈرۈش، دىنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھۆرمەتكە ئېرىشىش دەپ قارايمەن. مەسلەكچىلەرنىڭ يوللىرىنى ئەقلى تەپەككۇرغا سېلىپ قايىل قىلالىرلىق بايان قىلىشىنىڭ ئورنىغا ئادەم توپلاپ، ئۆزىگە پايدىلىق ئۈچۈرلانى يىغىپ، داڭلىقلارنى شىپى كەلتۈرۈپ ۋە ھەتتا ھوقۇقلۇقنى سۇيىئىستىمال قىلىپ كۈچ پەيدا قىلىشلىرىدىنلا ئۇلار قوغۇدۇلۇۋاتقان نەرسىنىڭ مەسلەك ئەمەس شەخسى ئىززەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەنچە ئاقىللارغا شامال ئىسمىلىك بىر تورداشنىڭ مېنى خىرىستىيانغا چىقارغىنى بىلەن دېيىڭ شۇجىنىڭ خىرىستىيانلارغا باغلىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى يازمىساممۇ پەملىيەلەيدۇ.

2. مەسلەك قىزغىنلىقىنىڭ ئاقىۋىتى

2. 1. دىنىي سۈيئىستىمال قىلىش

ئۇيغۇر كەنتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق ئىش بولۇپتۇ. كەنتتىكى بىرسىنىڭ قورۇقىغا دېھقانلارنىڭ قويى كىرىپ كېتىپتۇ. قورۇق خوجايىنى قويلارنى قەستەن قوغلىغان بولۇپ ئارا سانجىۋېتىپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان دېھقان بىر ئىككى مۇش سالغان چېغىۋا، دېھقانمۇ ئارا يەپ ئۆيىگە قېچىپ كەتىپتۇ، ئارا رەئىس ئەزالارنى زەخمىلەندۇرگەچكە دوختۇرغا بارغىچە قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ ھېساپلاشقىلى قورۇقىقا ماڭغاندا داموللام ئارىغا چۈشۈپ دېھقانلاردىن سوراپتۇ.

-سىلەر مۇسۇلمانمۇ؟

-ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمىز.

-جاننى كىم بەرگەن، كىم ئالدۇ؟

-ئاللاھ بەرگەن ئاللاھ ئالدۇ.

ئۇيغۇراخۇنىنىڭ جېنىنى ئاللاھ ئالدى، تەقدىرگە شۇنداق پۈتۈلگۈككەن، سىلەر ئاللاھ ئالغان جان ئۈچۈن بەندىدىن ھساپ ئالماقچىمۇ؟ ۋەز، تەبلىق شۇنداق تەسىرلىك داۋام قىلىنىپتۇكى بىچارە دېھقانلار خاتا قىلغانلىقلىرىغا تۆۋبەلەر ئوقۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. مەن بۇنى بىيجىڭدا چىقىدىغان ئېنگىلىزچە ژورنالدىن ئوقۇغان. كېيىن مۇنداق ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. «مىيت قونسا بولمايدۇ» دەپ دېلو تۈزۈك تەكشۈرۈلمەي تۈرۈپلا جەسەت يەرلىككە قويۇۋېتىلىدۇ. بۇ جاۋاپكارلارنى كارامەت خوش قىلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارمۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلىدۇ. «ئۆلدى كەتتى، ئەلھۆكمىلۇللاھ» دېيىش توغرا، ھۆكۈم ئاللاھتىن. ئەمما ئىلاھى ھۆكۈم ئىتىراپ قىلىنمايدىغان، ئەپۈچانلىق ئاجىزلىق سانىلىدىغان ئاچچىق ئەمەلىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتقانلار ئاقىۋەتتە قاتىللىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. قاتىللىق مۇشۇنداق ئەمەلىيەتنى تونۇمايدىغان مەسلەكچىلىكنى سۈيئىستىمال قىلىدۇ. بۇندىن باشقا «ياخشى ئۇيغۇر دىيانەتلىك ئۇيغۇردۇر» دېگەن ئەنئەنىگە بەكرەك مايىل بولۇۋېدۇق توي خېتىنى ھارام دەيدىغان موللىلار، قىزلىرىمىزنى ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىپ كېلىشەلمىسە «ئاللاھ بۇيرۇماپتىكەن» دەپ تاشلىۋېتىدىغان ھاجىملار، يالغۇز يۈرسە

گۇناھ دەپ ستۇدېنت قىزلىرىمىزغا مەھرەم بولىدىغان قارىملار پەيدا بولدى. بۇ ئىشتا شەرىئەت مەجبۇرلاش كۈچىگە، قانۇنى سالاھىيەتكە ئىگە بولمىغان زېمىندا كالامىمىزدا دېيىلگەن مەزمۇنلارغا لايىق ياشاپ بولالمايدىغانلىقىمىزنى سۈيئىستىمالچىلار بىلىپ تۇرۇپ خۇپسەنلىك قىلىشتى. ئىپادە ھۆرلۈكى بولمىغان ئىقلىمدا ياخشى نىيەتتە تەرغىپ قىلىنىغان مەسىلەك قىزغىنلىقى دائىم سۈيئىستىمال قىلىنىشتىن خالى بولالمايدۇ. بىز ئەگەر تۆمۈر خەلىپىنىڭ لىشىگفۇنىڭ قولىدىكى قۇرئانغا قانداق ئالدانغانلىقىنى خاتىرلىسەك، ھېلىقى داموللامنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ چۈشىنەلەيمىز. ھەمدە مەسىلەكنىڭ بىر قورال ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۇنىمى قوللانغۇچىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىمىز. مەسىلەكنى ئاشكارە چۈشەندۈرۈش پۇرستى كىملەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشسە شۇنىڭ ئارزۇسىغا لايىق ئۇنۇم بېرىدىغانلىقى سىر بولماسلىقى كېرەك.

## 2.2. پىرىنسىپسىز ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ساختىپەزلىك

ئۇيغۇر تارىخىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چاققان روزا موللا، مەمتىلى تەۋپىق ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنى كۆيدۈرگەن قادىر ھاجى، ئابدۇقادىر داموللىنى قەتلى قىلغان ئەمەت مەزىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىردىن بىر جازاسىنى يىگىنى قادىر ھاجى. بۇ كىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان مەزگىلدە ۋە كېيىن جەنۇپ ئۇيغۇرلىرىنى قەشقەرلىك مىللىتى قىلىمەن دەپ شىگشىسەي ۋە رۇس ئىمپىريالىستلىرىغا جىق خىزمەت قىلغان. غۇلجىدا ھەسەن تارانوپ «تارانچى مىللىتى» مەپكۇرىسىنى تەرغىپ قىلسا قەشقەردە قادىر ھاجى «قەشقەرلىك مىللىتى» سەپسەتىسىنى بازارغا سالغان. بۇ ئىككى كىشى پەقەت بىز بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈنلا جازالانماي خاتىرجەم ياشىغان. قادىر ھاجى شىگشىسەينىڭ قولىدا ئۆلمىگەن بولسا بەلكىم روزى موللا، ئەمەت مەزىنلەرگە ئوخشاش ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۈنىمىزدە قاتىل قادىر ھاجى ۋە سۈلۈك داۋاخورى ئاپپاق خوجا قاتارلىقلار خائىنلارنى ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئۈچۈن ئاقلايدىغان تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇنداق ئۇيغۇرنىڭ زىيىنىغا ئىشلەيدىغانلار تارىختا جازاسىنى تارتمىغاچقا 2009-يىلى شۋېتسىيەدىن، 2011-يىلى گېرمانىيىدىن يەنە چىقتى. مەن بىر


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

قىسمى كىشىلەرگە ھەيران قالىمەن. ئۇلار بىر قىسىملارنى ئۇنداقچىمىدۇ، بۇنداقپەرەسمىدۇ دېيىشىدۇ. خېلى پىرىنسىپلىق ئادەملەر ئىكەن دەپ قارىسىڭىز مۆرىتى كەلسە يەنە شۇلار بىلەن ئاپپاق چاپاق بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. سورىسىڭىز «ئۇيغۇرچۇلۇق، قانداق قىلىمىز» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق ھاققانىيەتنى پىرىنسىپ قىلمىغان ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇرچۇلۇق سەۋەبىدىن تارىختا خائىنلار جازالانمىغان ئىكەن. بۈگۈنمۇ يالاقچىلار يېتىم قالغان يوق. شۇڭا بۇنداقلار تارىختىن بېرى كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازىيىپ باقمىدى. تارىخنى قويۇپ كۆز ئالدىمىزغا نەزەر سالساق، كىشىلەر مىللىي كىملىكى سەۋەپتىن پىشكەللىككە، تەھدىتكە، ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ئۇيغۇرلۇققا يېپىشىۋېدى، ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن شەھەر بازارلارنى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئەخلەت مەھسۇلاتلار قاپلاپ كەتتى، قېرىنداشلىرى ئىشلىگەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ ساختىسىنى ياساپ «بىزنىڭ پۇستانى» دەپ داۋاراڭ بېرىپ بۇل تاپىدىغان شىركەتلەر پەيدا بولدى. رېمونتچىنى كەشپىياتچى، پەرەزچىنى ئالىم، سېھىرگەرنى ئەۋلىيا دەپ ئۇيغۇرلا بولسا ساختىپەزلەرچە مەدھىيەلەيدىغانلار مەيدانغا چىقتى.

خۇلاسە

مەسلەك قىزغىنلىقى مىللەت ھەققىدىكى مەسىللەر يىگىرمە يىلدىن بېرى رەھىمسىز ئوپېراتسىيە ۋە كەسكىن تەنقىد شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەن سۇئالغا جاۋابەن ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسلەك قىزغىنلىقىنىڭ كەيىندە بىرقىسىملارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن بىلىنىۋاتقان ئەۋلىيالىق داۋاسى ، تەپەككۇرىدىكى خاملىق ۋە پىسخىك كەمتۈكلۈكلەر ياتىدۇ. مەسلەك قىزغىنلىقى تارىختا قانداق پاجىيەلىك قىسمەتلەرگە سەۋەپ بولغان بولسا بۈگۈنمۇ يەنە يېڭى يېڭى پاجىيەلەرنى باشقىچە شەكىلدە كۆزلەرگە كۆرسەتمەكتە. مەسلەكلەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلىق ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر قاتلىمىغا سىڭگەن، شۇڭا بۇنى تۈر قىلىپ ئايرىپ چىقىشنىمۇ قوللاپ كەتمەيمەن. ھالبۇكى، مېنىڭ مەسلەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشۇم بىر قىسىملارنىڭ بۇنى ئۇيغۇرلۇقتىن ئايرىپ يېڭىچە مەنىلەندۈرىۋاتقانلىقىغا ۋە سۈيئىستىمال قىلىۋاتقانلىقىغا قارىتىلغان. بۇنداق قاراشتىكى


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

بەزى ئاق كۆڭۈل دوستلار ئۆزىنى پەيغەمبىرىمىز زامانىدىكى ساھابىلەردەك باشقىلارنى شۇ چاغلاردىكى مۇشرىكلاردەك تەسەۋۋۇر قىلىپ ھەممىنى قايتىدىن ئىمانغا كىرگۈزمەكچىدەك ئەلپازدا مىللەت مەدەنىيىتىنى تەكشۈرمەكتە. بۇنداقلارنىڭ تالىشىشلىرىدا گېپى دىندىن باشلانسا داۋامى مەزھەپكە تەرەققىي قىلىپ ئۇخشىمىغان مەزھەپتىكى شەيخلەرنىڭ قاراشلىرى باز بازغا سېلىنماقتا. بۇنىڭغا قارشى يەنە بىر ئېقىم مۇسۇلمانلىقنى ئەرەبكە، كونىلىققا، قالاقلىققا تارتىپ ساپ مەسلەك تىپىدىكى ئۇيغۇرپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلماقتا. بۇلارنىڭ مۇنازىرىلىرىمۇ ئىدولوگىيەلىك رىياللىق ۋە تارىخنىڭ تۇمانلىرىدا ئېزىقىپ نەتىجىسىز ئاياقلاشماقتا. ئىككىلا تەرەپ ئۆز مەسلىكىنى سۈنئى بىر بىرىگە قارشى قويۇپ تۈگىمەس تالاش- تارتىشلارنى ھەممە يەدە سۆرەپ يۈرۈشمەكتە. بۇلاردىن شۇنى ئەپسۇسلۇقتا بايقايمىزكى، ئۇلار تىرەنلەۋاتقان كىرزىسنى ئەمەس كىرسىزكە تۇتقان بىر بىرىنىڭ پوزىستىيەسى ۋە باھاسىنى تەھلىل قىلىش بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشماقتا. مېنىڭ قوللايدىغىنىم مەسلەكلەرنى زىددىيەتكە سالماي تۇرۇپ مەسلىگە يۈزلىنىش. مەسلىگە مەنچە ئەقىل ۋە پەن بىلەن يۈزلىنىپ كونكرېت مەسلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، قولدىن كەلسە ئەندىزىلەرنى تونۇشتۇرۇش تۈگىمەس گەپ ئۇرۇشى قىلىشتىن ئەھمىيەتلىك. تەھلىل قىلىش يوللىرىدىكى مىللەتلىك ھوقۇقىقا خاس تەرەپلەرنى مىللىي تىرتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بويىچە ئويلاشسا، ئىنسانلىق ھوقۇقىقا مەنسۇپ تەرەپلەرنى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ماددىلار بويىچە ئويلاشسا مۇۋاپىق. مەسلەك مۇنازىرىسى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ ئوندەن بىرىنى مۇشۇ تەييار قانۇنلاردا قانداق چىك تۇرۇش ۋە ئىجراسىنى قانداق تەلەپ قىلىشقا قاراتسا ئەمىلىيەتكە ماس كېلەمدىكىن دەيمەن. بولمىسا قىلىنىۋاتقان سەممىي تىرىشچانلىقلار مەسجىدكە كىرىپ خەققە ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتكەندەك، تورغا كىرىپ ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچقاندەك ئىش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسلىلەرنى ئاشقۇن مىللەتچىلىك ۋە قارىغۇلارچە دىنچىلىق بىلەن ئويلاشقاندا رىيال نەتىجە كۆپىنچە مەنپى بولارمىكىن دەيمەن. چۈنكى بۇ ئىككى مەسلەك بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلارنىڭ دۈچ كېلىدىغىنى فاشىستلىقتۇر. ھەرقانداق مەسلەك بىر قورالدۇر، يولدۇر. مەسلەكنىڭ غېمىنى ئەمەس شۇ مەسلەككە ئەگىشىۋاتقانلارنىڭ مەسلەكنى تاللاش ئەركى ۋە

ئىمكانىيىتىنى ئاۋال ئويلاشقاندا ئاسانراق بىر يەرگە كەلگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇردا «جان بولسا جاھان ئاش بولسا قازان» دەيدۇ، بۇنى مەسىلەك-مەسىلە تېمىسىغا تەدبىقلىساق مەسىلە كۆزلار "ئاش "قا كۆچسە مەسىلىچىلەر "قازان "غېمىدە يۈرۈۋاتىدۇ.

## ئامېرىكا، قىزىم ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىمىز گۈلەن

1. ئامېرىكا يەسلىسىدە ئۇيغۇرچە خەت

ھەممە ئىش ئالدىن پىلانلىنىدىغان ئامېرىكىغا "تۇيۇقسىز "كېلىپ قالغان قىزىمنى يەسلىگە ئورۇنلاشتۇرالماي بېشىم قاتتى. مەن ئائىلەمنىڭ كېلەلەيدىغان ياكى كېلەلمەيدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمىگەچ قىزىمنىڭ يەسلى ئىشىنىمۇ ئويلىشالمىغان ئىدىم. توختىماي سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئاخىرى يەسلى مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. مەكتىپىمىزنىڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ يەسلىسى قىزىمنى قوبۇل قىلدى. قىزىم گەرچە ئامېرىكا پۇقراسى بولمىسىمۇ تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ياردەم تۈرىدىن بەھرىمەن بولدى. قىزىم ئوقۇيدىغان يەسلىدە ئېيىغا نەچچە مىڭ دوللار تۆلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىمۇ، بىزدەك ئىشلىشى ئىجازەتسىز بولغان، مۇكاپاتقا تايىنىپ ياشايدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوخشاش شارائىتتا تەربىيەلىنەلەيتتى. يەسلىگە تىزىملاتقىلى بارغاندا كىرىم ئىسپاتىمنى تاپالمىغان ئىدىم، خىزمەتچى خادىم "ساقا ئىشىنىمىز، ئىسپاتنى تاپالىغاندا ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، قىزىڭ يەسلىگە كېلىۋەرسۇن "دېدى. ئۆرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار باشقارمىسى دېپلومىمغا خاتا يېزىپ قويغان ئىسمىمنى ئۆزگەرتىشمەن دەپ ھەپتە ئاۋارە بولغانتىم. دېپلوم ۋە كىملىكتىكى ئىسمىم، رەسمىممۇ مېنىڭ مەزكۇر كىشى ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولالمىغانتى. مەندەك بىر چەتئەللىكتىن نە پاسپورت نە باشقا ئىسپات تەلەپ قىلماي قىزىمنى پۇقرالىرى بىلەن ئوخشاش

مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن قىلىنىۋاتقان بۇ دۆلەتكە ۋە بۇ دۆلەتتىكى ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ئىشەنچنى ئاپتاپتەك ھەممىگە تەڭ يەتكۈزىدىغان كىشىلەرگە ئىچ-ئىچىمدىن زوقلاندىم. قىزىم دادىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىقى، پۇلسىزلىقى سەۋەبلىك يەسلىسىز قالمىدى، ياكى ئىمتىيازلىق ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئالدىدا بويۇن قىستۇرۇلمىدى. ئامېرىكىدا باللارنىڭ بۇنداق پۇرسەتتىكى باراۋەرلىكى مېنى قايىل قىلدى. ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى ۋە ئىسمىدىن سلاۋىيان تىللىق بىرەر دۆلەتتىن كەلگەنلىكى چىقىپلا تۇرىدىغان خادىم قىزىمنى رەسمىگە تارتىپ بولۇپ، بىزگە بىر پاتمان جەدۋەللەرنى تۇتقۇزۇپ قوبۇللاش رەسمىيەلىرىنى تاماملىدى. جەدۋەلگە قارىدىم، توۋا بۇ يەسلىدىكىلەرنىڭ ئەستايىدىللىقىنى! قىزىمنىڭ قايسى رەڭگە ئامراقلىقىدىن تارتىپ، قانداق تاماقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغىچە، قانداق قىلىقنى كۆپ قىلىدىغانلىقىدىن تارتىپ تۇنجى دېگەن سۆزىگىچە ھەممىنى يېزىشىمىزنى تەلەپ قىلغان ئىدى. قىزىمىزنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىزمۇ ئانچە تەپسىلى بىلمەيدىغان بولغاچ چوڭلاردى سوراشتۇرۇپ بۇ جەدۋەللەرنى تولدۇرۇشقىلا بىر كۈن كەتتى. جەدۋەللەر ئىچىدە تاسادىپى ئەھۋال كۆرۈلگەندە قانداق قىلىش ھەققىدىكى ۋاراق مېنى ئويلاندۇردى، جوڭگودا مەيلى مىللىتىمىزدە بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەردە بولسۇن تاسادىپى ھادىسىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە نە شەخسىي تەييارلىق نە ئىجتىمائى مۇلازىمەت سىستېمىسى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئامېرىكىدا بۇ ھەقتىكى تەربىيە ۋە ئەسكەرتىش يەسلىدىن باشلىنىدىكەن.

ئاۋغۇستنىڭ ئۈچىنچى ھەپتىسى قىزىمنى يەسلىگە ئېلىپ باردىم. چىراي تۇرىقىدىن ساغلاملىقى چىقىپلا تۇرىدىغان ئالتۇن چاچلىق چىرايلىق بىر قىز ۋە ئۇيغۇرغا سەل ئوخشاپ قالىدىغان ئىسپانچىراي يەنە بىر قىز بىزنى قىزغىن كىتۋالدى. بىرسى ساغلاملىق تەكشۈرۈش ئۇسكۈنىسى بىلەن قىزىمنى بىرەر قۇر تەكشۈردى يەنە بىرى قىزىمغا مەخسۇس تەييارلانغان ئىشكاپنى كۆرسەتتى. ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قىزىمنىڭ رەسمى ۋە "مەسئۇدە خۇش كەلدىڭىز "دېگەن ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئىدى. ئۇيغۇرچە خەتنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. سوراپ بىلدىمكى، يەسلىدىكى يېتەكچىلەر قىزىمنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاتايىن توردىن

قارشى ئېلىش مەنىسىدىكى ئىنگلىزچە جۈملىگە ئاساسەن بۇ ئۇيغۇرچە جۈملىنى تېپىپ چاپلاپ قويۇپتۇ.

يەسلى مۇنداق ئۈچ بۆلۈم ۋە بىر چوڭ مەيداندىن تەركىپلەنگەنىكەن. بىرىنچى بۆلۈم بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق ئويناش، ھېكايە ئاڭلاش، ناخشا ئوقۇش، مۇزىكا چېلىش، دېكلاماتسىيە قىلىش، رەسىم سىزىش، ئۆي ئىشى قىلىش، قول ھۈنەر قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە ماس بېزەلگەن ۋە ھازىرلانغان بولۇپ تولىمۇ ئازادە بىر زال ئىكەن. ئىككىنچى بۆلۈم ئاتا-ئانىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بالىلارنىڭ خۇي، قىلىقلىرىنى ۋە گەپ سۆزلىرىنى كۆزىتىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ بالىلار كۆزەتكۈچىلەرنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۈچىنچى بۆلۈم بالىلارنىڭ سىرتتا ئويناش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا ئوينايدىغان زالى بولۇپ سىرتتىكى چوڭ مەيداندا بار ھەممە ئويۇنچۇقلار تەقلەنگەن ئىكەن. ئوچۇقچۇلۇقتىكى چوڭ مەيدانغا تۈرلۈك ئەسلىھەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكىللىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدىكەن، ئادەمنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئامېرىكىچە فۇتبول بىلەن ۋاسكىتبول ئىكەن. مەن بۇلاردىن ئامېرىكىنىڭ دۇنيا تەنتەربىيە ساھەسىنى يېتەكلەپ كېتىۋاتقان كارامىتىنىڭ سىرىنى ئاڭقارغاندەك بولدۇم.
ئويۇنچۇقلار ئاساسەن بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىك قىلىپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، مەنچە بۇ بالىلاردا كىچىكىدىن ھەمكارلىق، ماسلىشىش ۋە دوستلۇق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بۇ كىچىك بالىلارغا مۇشۇنداق ئويۇن ئارقىلىق ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقىنى كىچىكىدىن سىڭدۈرمەي، ھە دېسە ئىتتىپاقلىقتا دائىر شۇئارلارنى يادىلاتقاننىڭ قانچىلىك ھاماقەتلىك ۋە زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغانچە يۈرۈكۈم سىقىلىپ كەتتى. قۇلاق تۈۋۈمدە لۇشۇن ئەپەندىنىڭ « بالىلارنى قۇتقۇزىۋالايلى!» دېگەن ياڭراق ساداسى جاراڭلىدى. بىز قورامىلىقلارغۇ شۇ ھاماقەتلىك ۋە زوراۋانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ شېرىكلىشەلمەي، شىركەتلىشەلمەي ئىللەتلىك ئۇيغۇرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىدىن قاقشاپ ئۆتۈپ كەتتۇق، ئىتتىپاقلىق شۇئار بىلەن ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ دەرسلىكلىرىمىز، دەرسخانىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بالىلارنىڭ ئۆملۈك روھىنى يېتىلدۈرۈشتە نېمە

قىلالىدى؟ مىللەتنىڭ بىر كۆتكەن ساغلام روھىي مائارىپسىز، تەربىيەسىز، كىچىككىدىن يېتەكلەشسىز قىلىنۋاتسا، يەنە ھەممە گۇناھنى قارا قويۇق مىللەتكە ئارتىپ قويۇشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

2. ”مەن قەشقەرلىك“

قىزىم ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن كۆپرەك كۆرگىنى بىر ئۇيغۇرىمىز بولدى. ئۇياقنىڭ ئاتا-ئانىسى غۇلجىلىق تارانچىلاردىن بولسىمۇ چاخچاقنى يىرىم كۆندىن كېيىن چۈشىنىپ بەزىدە كۈلۈپ بەزىدە رەنجىپ قالاتتى. ئۆزى ئۇرۇمچىدە چوڭ بولغىنىغا قارىماي ”بىز غۇلجىلىقلار “دەپ سۆزلەپ قوياتتى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى تارماقلىرىدا بىر خىسلەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەنچە ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىكى خىسلەت يۇكسەك غۇرۇر، قورقۇمسىزلىق ۋە ئوچۇق خاراكتېر. بولۇپمۇ مەن بۇ تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئورۇن، مەرتىۋە ۋە ھوقۇق سۈرۈشتۈرمەي مەسخىرە قىلالايدىغان ئەركەكلىكىدىن سۆيۈنەتتىم. شۇ سەۋەپتىن يېقىن ئەتراپىتىكى بىر دىنىبىر ئۇيغۇرۇم بولغان بۇ خانىمنىڭ ئۇيغۇردىكى جىمى تارىخى ۋە رېيال پىشكەللىكنىڭ مەنبەسىنى قەشقەرلىككە دۆڭگەپ چاخچاق قىلىشلىرىغا كۈلكە، چاخچاق بىلەن جاۋاپ قايتۇراتتىم. مېنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى ”مەن ئۇرۇمچىلىك “دېيەلمەسلىكى ئىدى. مەندىن ئالى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرىم تولا يۇرتۇمنى سورايتتى. كىشىلەرنىڭ گېپىگە دىققەت قىلسام، ئۇيغۇردىن بىر كىشىنىڭ ئىسمى چىقىپ بولغۇچە ھەممەيلەن ئۇنىڭ يۇرتىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. ھەتتا زىيالىلار ئارىسىدا بىر مەشھۇرنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە يىللاپ مۇنازىرە قاينايتتى. شۇ تالىشىۋاتقانلاردىن ”شۇ مەشھۇرنىڭ ساتاشا نەپ بەرگەن بىر ئېغىز گېپىنى دەپ باقسىنا “دېسىڭىز تىرناق تاتىلايتتى. مەن مۇشۇنداق يۇچەك تۇيغۇلاردىن قىزىمنى يىراق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى پەقەت ئۇيغۇر دەپ بىلىشىنىلا ئارزۇ قىلاتتىم. مەن قىزىمنى ئۇيغۇرلۇقنى تەبىئىي رەۋىشتە ھىس قىلسىكەن دەپ تىلەيتتىم. كاج تەلەيي قىزىم ھېلىقى پاجىيەدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى ۋاقىتسىز ئەمما ۋەھىمە ئىچىدە ھىس قىلدى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ تولا جۆيلۈپ “ئاپا قاچايىي (قاچايلى)، xx لار كەيدى (كەلدى) “دەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ

كېتىشلىرىدىن ئۇيغۇرلۇقىنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتتىم. يېڭى كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى تۈنجى قېتىم ئاپتوبۇس بىلەن ئويناتقىلى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ بىكەتكە كەلدىم. ئاپتوبۇس كېلىپ توختىشىغا قولۇمغا چىڭ ئېسىلىۋالغان قىزىم يىغلاپ ئاپتوبۇسقا چىققىلى ئۇنىمىدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئاپتوبۇسقا چىقىرالمىدىم. ئۆيگە قايتىپ ئايالىمدىن سەۋەبىنى ئوقتۇم ۋە ئۆزەممۇ يىغلاپ كەتتىم. مەن سىياسىي ئەۋزەللىكنىڭ ۋە ئىختىسادىي مەنپەئەتنىڭ قوغۇدۇغۇچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مىللەتچىلىككە نەپرەتلىنىمەن. مەن قىزىمنىڭ بىر ئىنسان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئۇيغۇرلۇقنى مۇئاۋىن شۇجى بولۇش ئۈچۈنلا كېرەك قىلسا مەن ئۇنىڭ شۇ ئۇيغۇرلىقىدىنمۇ نەپرەتلىنىمەن.

قىزىمدىن كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سورۇدۇم،

-تاتلىقىم سىز قايسى مىللەتتىن؟

-ئۇيغۇي.

سىز قايسى يۇرتتىن، يۇرتىڭىز نېمە؟

- ھە...

-ئاي بالام سىز نەدىن كەلدىڭىز؟

- گۈل ئانامنىڭ قېشىدىن.

دېمەك، ئايدىڭ بولدىكى، قىزىم يۇرت دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى تېخى بىلمەيدىكەن. بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار يۇرتنى بىلىپ مىللىتىنى بىلمەيتتى، ئۈچ ياش توققۇز ئايلىق قىزىم بۇنىڭ ئەكچىسە مىللىتىنى بىلىپ يۇرتىنى بىلمەيدىكەن. روسلار

تەرپىدىن ئورتا ئاسىيانىڭ يېڭى خەرىتىسى سىزىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى تۈرك دېگەن ۋە بەزىدە يۇرتلار بويىچە ئايرىپ كەلگەن، تىلىنى بولسا تۈركچە دەپلا ئاتىغان. تىلىنى تۈركچە دېيىش پەقەت تىل يېزىق بىلەن ھەپىلىشىدىغان موللا ئۆلىمالاردا ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلىدىغانلاردا ساقلانغان. مانا بۈگۈن يېڭى تارىخ يېزىلماقتا، ئۇيغۇر باللىرى يۇرتىدىن بۇرۇن مىللىتىنى بىلمەكتە ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قىزىمدىن يەنە سورىدۇم. چۈنكى مەن مېنى تولا قەشقەرلىق دەپ مازاق قىلىدىغان ”غۇلجۇلۇق “قېرىندىشىمنىڭ قىزىمنىڭ كىملىك چۈشەنچىسىگە قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم. قىزىم بۇ قېتىم ”مەن قەشقەرلىكتىن كەلگەن “دېدى. پىسخىك تىلشۇناسلىقتا قوشۇمچە بىلەن سۆز مىڭدە ئىككى يەردە ساقلىنامدۇ ياكى بىر يەردىمۇ دېگەن مۇنازىدە بولىدىغان. قىزىمنىڭ جاۋابىغا قارىغاندا سۆزلەر قىزىمنىڭ مېڭىسىدە قوشۇمچە قوشۇلغان شەكىلدە ساقلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. يەنە بىر ھەپتە ئۆتكۈزۈپ سورىدۇم. قىزىم بۇ قېتىم ”مەن قەشقەردىن كەلگەن، مەن قەشقەرلىك “دېدى. قارىغاندا ئىنسان سوزنى ئاۋۋال قوشۇمچىدىن ئايرىماي ئۆزلەشتۈرىۋېلىپ ئاندىن ئايرىپ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ قىزىم قەشقەرگە يېقىن ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، قەشقەردىن نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى ئامېرىكىدا قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇ ھېكايەت ئائىلە تەربىيىسى بەك موھىم، دەپ ھەدىسە ئۇنىڭ ئائىلە تەربىيىسى، بۇنىڭ تالانتلىق بالا تەربىيەلەش دەستۇرى دېگەن كىتابلىرىغا دۇم چۈشۈشلەرگە سالقىن قارىشىمىزنى ئەسكەرتىدۇ. بالىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قانداق تونۇشى، نېمىنى سۆيۈپ، نېمىدىن نەپرەتلىنىشى يالغۇز بىزنىڭ تەسىرىمىزدىنلا بولمايدىكەن. مەن يۇقاردا دەپ ئۆتكەندەك، ئائىلىدە بىز ھېچ قاچان ”قىزىم سەن قەشقەرلىك “دەپ تەربىيە قىلمىغان. قوشنام دائىم مېنى ۋە يېڭى كەلگەن قىزىمنى ”قەشقەرلىك ئۇنداق قىلىدىكەن“، ”قەشقەرلىك بۇنداق دەيدىكەن“، ”قەشقەرلىكنىڭ بالىسى دېگەن زادى ئۇندا، مۇنداق “دەۋەرگەندىن كېيىن قىزىم ئۆزىنى ”قەشقەرلىك “دەپ بىلىۋاپتۇ. تاشقى موھىتنىڭ بالىلارنىڭ كىملىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا يەنە بىر مىسال. قىزىم بىر كۈنى ”مەن ئۇسسۇل ئۆگىنىمەن “دەپ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋالدى. سەۋەبىنى سورىسام، بىر خەنسۇ خوشنىمىز

ئۇنى ”ئۇسسۇل ئويناپ بەر “دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قىزىم ”ئويناشنىمۇ بىلمەيمەن“ دېسە، ”ئۇيغۇر بالىلىرى دېگەن ئايىقى چىققاندىلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ “دېگەنمىش. شۇ ئان كاللامغا يالقۇن روزىنىڭ ”بىز قانداق بولۇپ ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى بولۇپ قالدۇق؟ “دېگەن ماقالىسى كەلدى. جاۋاپ تولىمۇ ئاددىي، سەھنىدە بەختىيارلىقتىن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان رەڭگارەڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى تولا كۆرۈپ كۆنگەن خەنسۇلارنىڭ بىرى بولغان قوشنامنىڭ ئۇيغۇرغا بەرگەن باھاسى قىزىمنىڭ ئۇسسۇل ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتاتتى. مەن ئىچكىرىدە ئاتا-ئانىسى خەنزۇۋان بولغاچقا ئۇيغۇرچىنى پەقەت سۆزلىيەلمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەن. قىزىق يېرى ئۇلار ئۇيغۇرچە بىلمىگەن بىلەن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىيالايتتى، سەۋەبىنى سورىسام خەنسۇ ساۋاقداشلىرى تولا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ئويناشنى ئۆگەنگەنىكەن. دېمەك بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى كىملىكىمىزگە ئەمەس باشقىلارنىڭ نەزەرىدىكى كىملىكىمىزگە قاراپ سىلجىۋېتىپتىمىز. بۇنى ئەلۋەتتە بىزگە موھىت سىڭدۈرىۋېتىپتۇ. ئائىلە تەربىيىسى موھىم، ھەممە ئادەم ئىشنى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلىشى كېرەك دېگەندەك گەپلەرگە مەلۇم جەھەتلەردە ئارىمىزدىكى ”ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي “دېگەن بىخەتەر جان بېقىش پەلسەپىسى يوشۇرۇنغان. بالىمىزنىڭ ئادىمىلىكىنى بىز ئائىلىمىزدىلا قورۇپ چىقالمايمىز. ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى بالىمىزنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ رولى ئەڭ ئاجىز. شۇڭا مەنچە ئىشىمىزنى ئائىلىمىزدىنلا ئەمەس مەھەللىمىزدىن باشلىغىنىمىز ئەۋزەل. مەسىلەن، بالىمىزنى ئۇيغۇرچە چوڭ بولسۇن دېسەك مەھەللىدە بالىلارنىڭ ئۇيغۇرچە تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىز لازىم. مەنچە مەھەللە چېيى، قورۇ چېيى ئويناۋاتقان ئاتا ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئىتوت ھەپتىسى، ئۇيغۇرچە بالىلار دىراما ھەپتىسى، ئۇيغۇرچە چۆچەك ھەپتىسى، پۇتبول ھەپتىسى ئۇيۇشتۇرسا تامامەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئارامغا چىققان بوۋايلار، مومايلار پىداكار بولۇشنى خالايدۇ. قىزىم ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئارامغا چىققان دادامنىڭ ئەڭ كۆپ تاپىلايدىغان گېپى قىزىمنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى جىكىلەش بولدى. دادام ھەر قېتىم قىزىمنىڭ يېنىمدا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا دىلى يايراپ ھاياجاندىن ئاۋازلىرى

تىترەپ كېتىدۇ. مەنچە بۇنداق ئۇيغۇر بوۋايلا ئاز ئەمەس. مەن بالامنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىش جەيانىنى ۋە دادامنىڭ قىزىم بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىشنى شۇنچە كۈچلۈك تەلەپ قىلىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق قېرىنداشلارنىڭ بالىمىزنىڭ كاللىسىغا ئورناۋاتقان تۇيغۇلارغا دىققەت قىلىشىنى ۋە بوۋا-موملارنىڭ ئۇلاردىن ئەنسىرەشلىرىگە ھەمدەمدە بولۇشلىرىنى ئارمان قىلىمەن.

3. مەن كۆرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

ئامېرىكىغا كېلىپلا چىكاگو ئايرودورومىدا دىققىتىمنى تارتقىنى ئاتا ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۆز سومكىلىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان تۆت بەش ياشلاردىكى بالىلار بولدى. بۇ يەردە ياشاش جەرياندا ماگىزىنلاردا ئۈچ ياش ئەتراپىدىكى بالىلارنىڭمۇ تۇرمۇش بويۇملىرىنى، كىيىملىرىنى ئۆزلىرى تاللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ زوقلاندىم. بالام كەلگەندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئويۇن مەيدانىغا چىقسام بالىسىنىڭ سۈتىنى بىر قولىدا، ئويۇنچۇق، كىيىم قاتارلىقلىرىنى يەنە بىر قولىدا كۆتۈرىۋالغىنى يالغۇز مەنكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدەك تۆتكە يېقىنلاشقان بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزى ئويناپ ئۇنتۇپ قالماي ئۆزى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ قايتىدىكەن. مەندەك تۆت ياشقا ئازقالغان بالىسىغا قوغۇلاپ يۈرۈپ تاماق يىگۈزىدىغان ئامېرىكىلىقنى كۆرمىدىم. بۇ يەردە ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەندىن ھەيران قالغىنى بالامغا تاماق يىگۈزۈشۈم بولدى. ئۇلارچە ئىنسانىنىڭ ھەر قانداق قورسىقى ئاچسا تاماق يەيدىكەن. ئىنساننىڭ تاماق يېيىشى بولۇپمۇ بەدىنى مۇھتاج ماددا بولغان يېمەكلىكنى تەبئى خالاپ يېيىشى جانلىقلار دۇنياسىغا خاس تەبئىي ھادىسكەن. بىزلا ئەمەس خوشنا شىتاتتىكى ئامېرىكىلىققا تەگكەن ئۇيغۇر دوستىمىزمۇ بالىسىغا تاماق يىگۈزەلمەي ئاۋارە ئېدى. ئۇ باشقا ئامېرىكىلىك ئاياللارنىڭ باللىرىغا تاماق يىگۈزمەي ئۆزىنىڭ يېيىشىگە تاشلاپ بېرىشىگە ھەيرانكەن. ئامېرىكىلىق ئېرىمۇ ئايالىنىڭ بالىغا تاماق يىگۈزىشىگە كۆنۈپتۇ. بۇنىڭدىن مەن بالا تەربىيەسىدە ئانىنىڭ نەقەدەر موھىملىقىنى ھىس قىلدىم. بىز مەيلى قەيەردە بولايلى بالىنىڭ مۇستەقىللىقىگە كىچىكىدىن سەل قارايدىكەنمىز. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزەرىدە بالا مۇستەقىل ئىنسان ئىكەن. ھەمدە ئۇلار بالىنىڭ كىچىكىدىن مۇستەقىل ئادەم بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن.


QQ:88510082
پەيكار ئېلكىتابلىرى

مەن ئامېرىكىلىق دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدە ۋە ئاشخانىلاردا بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن تەڭ داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشلىرىدىن زوقلاندىم. ھەرقانداق ئاشخانىلاردا چوڭلارنىڭ ئورۇندۇقى ئۈستىگە قويۇلۇپ بالىلارنى چوڭلار بىلەن تەڭ تاماقلىنىشىغا لايىقلاشتۇرۇلغان بالىلار ئورۇندۇقى باركەن. ئامېرىكىلىقلار بالىرىغا گەپ قىلغاندا بالىسى بىلەن تەڭ بولۇش ئۈچۈن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىگە تىك قاراپ گەپ قىلىدىكەن ھەم بالىلىرىدىن شۇنداق ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇلاردا بالىلارنى تەنقىد قىلغاندا بالىلارنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئاڭلىشى تەلەپ قىلىنمايدىكەن. بەلكى ئاتا ئانىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشى، قانداق كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشى شەرت قىلىنىدىكەن. بۇ جەھەتتە بىزدىن ئاسمان زېمىن پەرق قىلىدىكەن. يەنە بۇلاردا ئاتا-ئانىلىرى خاتالاشسا بالىسىدىن كەچۈرۈم سورايدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئائىلىسىدىكىلەرنى تونۇشتۇرغاندا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىدىن تارتىپ ئېتىلىرىغىچە تونۇشتۇرىدىكەن ۋە سىزنىڭ ھەممەيلەنگە باراۋەر سالام قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىدىكەن. داستىخاندا ساھىپخان ۋە مېھماننىڭ بالىلىرى چوڭلار بىلەن تەڭ مېھمان بولىدىكەن. داستىخاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا بالىلار خالىغانچە گەپ قوشىدىكەن. بۇنداق چاغدا بالىلار نېمە دېيىلىشىدىن قەتئىي نەزەر چوڭلار بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن. بىزدە مېھمان كەلسە بالىلارنى يېقىن يولاتمايدىغان، بالىلارنىڭ مېھماننىڭ گېپىگە ”قوشۇق سېلىش“لىرى قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەت بار. مەنچە بۇ بالىمىزنى خەقلەر بار يەردە ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. كىچىككىنە قىزىمنىڭ ئامېرىكىلىق بالىلاردىن بىر پەرقى، بالام ئادەم كۆپ يەردە ئانىسىنىڭ كەينىگە ياكى مېنىڭ كەينىمگە ئۆتىۋالىدۇ. بۇنى مەندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن كەلگەن باشقا بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدىن سوراۋېدىم ئۇلارنىڭ بالىسىنىڭمۇ ئوخشاش خۇيى باركەن. مەنچە ئامېرىكىلىقلاردا پەرزەنتلەرگە ھەممە ئادەم، ھەر ۋاقىت، ھەر يەر، ھەر قانداق شارائىتتا باراۋەر دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلىدىكەن.

بىر كۈنى خوشنىمىزنىڭ قىزى بالام بىلەن بىللە ئوينىدى. قىزىمدىن بىر ياش چوڭ بۇ قىز قىزىمغا بەك ئامراق ئىدى. لېكىن نېمىشقىكىن بۇ ئامېرىكىدا بالىلار سىرتتا

چىقىپ قوشنا باللار بىلەن مەھەللىدە ئوينىمايدىكەن. شۇ كۈنى ئاپىسى قىزىغا 45 مىنۇت ئويناش ۋاقتى بېرىپتۇ. قىزىم ئىككىسى ئويناپ ئۇ 45 مىنۇتنى بىردەمدىلا توشقۇزۇپ قويۇشتى. قىزچاق ئانىسىدىن يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئانىسى ئاران ئۈچ مىنۇت ۋاقىت بەردى. قىزچاق بىزدىن ئانىسىغا دەپ ئويناشقا ئىجازەت ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى. بىز نېمە دېيەلەيتتۇق؟. بىز ئۇن چىقارماي تۇرغاندىن كېيىن قىزچاق بىزدىن رەنجىدى بولغاي، ۋاقىت توشقاندا بىزگە خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئانىسى بىلەن قىزى ئىشىك ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. ئانىسى قىزىنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئويناپ بىزگە رەخمەت ئېيتماي چىقىپ كەتكىنى توغرىسىدا بىزدىن كەچۈرۈپ سورىدى ۋە قىزىنىمۇ بىزدىن كەچۈرۈم سورىغۇزدى. ئەگەر بىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا قوشۇلمىسا بۇندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ قىزىم بىلەن ئويناشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى دەپ ”تەھدىت“ساپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىدىمكى ئامېرىكىلىقلار بالىلىرىنى كىچىكىدىن ئەركىنلىكنىڭ مەلۇم چەك ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، مۇكاپات بىلەن جازانىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك، چەكلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى، جاھاندا ياخشىلىقنىڭ چوقۇم مىننەتدارلىققا ئېرىششى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ چوڭ قىلىدىكەن.

بىز ئامېرىكىلىق ئائىلىلەرگە مېھمانغا بېرىپ شۇنى بايقىدۇقكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ باللىرى مېھمانلارغا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئۆيىڭىزگە كەلسىمۇ بالىڭىزغا پەۋقۇلاددە قىزغىن بولۇپ كەتمەيدىكەن. بەلكى خۇددى سىزگە ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىكەن. بىز ئۆيگە دوستلىرىمىز كەلسە بالىمىزنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە، چالغۇ چېلىپ بېرىشكە، ئىشقىلىپ بالىمىز قادىر بولغان بىرەر ئارتۇقچىلىقنى مېھمانلار ئالدىدا نامايان قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىكەنمىز. سىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆيگە مېھمانغا بارغاندا بالىسى رەسىم سىزىۋاتقان بولسا ”مەن ئالدىراش“دېسە بالىسىنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە زورلىمايدىكەن. ياكى رەسىمنى ئېلىپ چىقىپ سىزگە كۆرسۈتۈشنى تەلەپ قىلمايدىكەن. ئەسئەت سۇلايماننىڭ ”ئۆزلۈك ۋە كىملىك“ناملىق كىتابىدا ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىككى شۋېتقا ساھىپخاننىڭ قىزى ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە ئۇلارنىڭ پەرۋا

قىلمىغانلىقى، بۇنىڭدىن قىزنىڭ يىغلاپ كەتكەنلىكى يېزىلىدۇ. ئەسئەت مۇئەللىم بۇنى شىۋىتلارنىڭ سوغۇققانىغا باغلايدۇ ۋە بۇنى ئۇيغۇرلار بىلەن شىۋىتلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پىسخىكا پەرقى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەنچە بۇ يەدە ئۇقۇشماسلىقلا بولغان خالاس. چۈنكى مېھماندىن سورالماي، تۈيۈقسىزلا نومۇر كۆرسىتىلسە، ئەزەلدىن مۇنداق مېھمانغا ساھىپخان پەرزەنتلىرىنىڭ تەكلىپسىز ئويۇن كۆرسىتىشىنى كۆرۈپ باقمىغان غەرپلىكلەر ھەيران قالىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق پەرق پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئىككى خىل ئوخشىمىغان ئۇسسۇل. بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قابىلىيىتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ، باشقىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق پەرزەنتىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايمىز. بالىمىزدىكى ئاكتىپچانلىق نەتىجىدە باشقىلارنىڭ باھاسىغىلا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ باھاسىدىن چۈشۈپ كەتسە، ياكى قىلغانلىرى باھاسىز قالسا بالىمىز ئاكتىپلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەردىكى باشلىق بولالمىسا خىزمەت قىلغىسى كەلمەيدىغان، قىلغان ئەمگىكىنىڭ تايىنى يوق، تۆرگە ئولتۇرۇشقا خۇشتار، ئۆيدە بالىسىغا سۆكەك يوق، مېھمانغا شورپا بېرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرقىسمى دەل ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن نەتىجىسىنى خەقلەرنىڭ باھاسىدىن ئىزدەيدىغان تەربىيەدە چوڭ بولغىنىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىسىنى مېھمانلار ئالدىدا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماسلىقى بالىلارغا ئاكتىپلىقنى باشقىلارنىڭ باھاسىدىن ئەمەس ئۆز قىزىقىشىدىن ۋە شۇ قىزىقىشنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسە قولغا كەلگەن ئۇتۇقتىن ئىزدەشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەسىلەن، مەن بالام رەسىم سىزسا ياخشى سىزسۇن سىزالمىسۇن مۇنداق قاراپلا ”ياخشى سىزىپسىز، سىز بەك ئەقىللىق “دەيدىكەنمەن. بالام شۇنىڭ بىلەن ”پەللىگە يەتتىم، مەن ئەقىللىق “دەپ قاراپ سىزىشتىن توختايدىكەن، ياكى شۇ تەرىزدە سىزىشنى داۋام قىدىكەن. ”ياخشى سىزىپسىز “دېسەم شۇنچە ھاياجانلانغان بالام، يەنە بىرسى قويۇپ ”بۇ بولماپتۇ، “دېسە يەنە شۇنچە ئاسان بەل قويۇۋېتىدىكەن. مەن كۆزەتكەن ئامېرىكىلىقلار بالىسىنىڭ رەسىمىگە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقىپ ئەگەر ياخشى سىزالمىغان بولسا ”مەن سېنىڭ بۇ رەسىمىڭگە ئامراق ئامراق “دەيدىكەن ۋە ”ئەگەر بۇ سىزىقنى مۇنداقراق تارتساڭ، ئۇنىمۇ ئاجايىپ ياخشى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، سىناپ

باقامسەن؟ ‘‘دەيدىكەن. نەتىجىدە كېيىن ناۋادا بىرسى رەسىمنى ’’سىزالماپسەن ‘‘دېسە ئۇمىتسىزلىنىش ئورنىغا ’’قايسى سىزىقنى تارتالماپتىمەن؟ ‘‘دەپ سورايدىكەن-دە قورۇق ئۇمىدلىنىپ، سەۋەبسىز ئۇمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنالايدىكەن. مەن قىزىمنى سەممىيەتسىزلەرچە ماختايدىكەنمەن، ئامېرىكىلىقلار باللىرىنىڭ ئەمگىكىگە تەپسىلى كۆرۈپ باھا بېرىدىكەن ۋە رىغبەتلەندۈرىدىكەن.

يەنە بىر بايقىغىنىم ئايالىم ئىككىمىز قىزىمىز تاماق يېمىسە ‘‘سەئىدە ئاچاڭ (قەشقەردىكى نەۋرە ئاچىسى) تاماق يېيەلمەيدىكەن، شۇڭا تېلپۇندا ساڭا گەپمۇ قىلالماس بولۇپ قاپتۇ. سەن دېگەن تاما يېيەلەيسەن شۇڭا تېلپۇندا چوڭ ئاناڭ بىلەن سۆزلىشەلىدىڭ‘‘، دەيدىكەنمىز. قىزىمىز قويقىلى ئۇنىمسا ’’تېيىنلارمۇ تۇرۇپتۇ، قۇچقاچلارمۇ تۇرۇپتۇ، پەقەت سەنلا ئۇخلاپ قاپسەن ‘‘دەيدىكەنمىز. ماشىنىلى ئۇنىمسا ’’قېنى قىزىم كىم يامان بىر بەسلىشىپ باقمايمىزمۇ ‘‘دەپ ئاستا مېڭىپ يالغاندىن ئۇتتۇلۇپ بېرىپ ئالدايدىكەنمىز. ئىشقىلىپ بالىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى، يىراقتىكى قېرىنداشلىرىنى ھەتتا قورۇق قوڭغۇزلارنىمۇ سېلىشتۇرۇپ بولىدىكەنمىز. نەتىجىدە بالىمىزنىڭ مەقسىدى پەقەت سېلىشتۇرۇش ئوبيكتىنىلا يېڭىشتە قېلىپ تويغىنىنى بىلمەي تاماق يەيدىكەن، ھارغىنىنى بىلمەي يۈگرەيدىكەن. بىز قىزىمىزدىكى ئاكتىپىقىنىڭ مەنبەسىنى خەقنىڭ باھاسى، قورۇق ماختاشقا باغلاپ قويغاننى ئاز دەپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشقىلا باغلاپ قويىدىكەنمىز. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ باللىرىنى بۇنداق دەپ رىغبەتلەندۈرگىنى كۆرمىدىم. قىزىق يېرى، مەن بىلەن بىر قارار ئوقۇيدىغان بىر خەنسۇ، بىر كورىيان بار قالغانلىرى ئامېرىكىلىقلار. بىللە دەرس ئاڭلاپ قالساق كورىيەلىك بىلەن خەنسۇلا قەغىزىمنى كۆرىدۇ ياكى نەتىجەمنى سورايدۇ. ئەگەر ئۇلار قەغىزىمنى قەغىزى بىلەن قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇپ كەتسە ’’ھە قارىغاندا سەندىن يۇقۇرى ئاپتىمەن ‘‘دەپ ئويلايمەن. ئەگەر گەپ قىلماي كۆلۈپ قويسا ’’تۆۋەن ئاپتىمەن ‘‘دەپ ئويلايمەن. قارىغاندا كورىيانلار ۋە خەنلەرمۇ باللىرىنى كىچىكىدىن بىزدەك ھەممە ئىشتا باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ چوڭ قىلسا كېرەك. مەن مۇشۇ كۈگىچە نومۇرۇمنى سورىغان، ياكى قەغزىنى مېنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغان بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى كۆرمىدىم.

## 4. قىزىمنىڭ يەسلىدىكى كۈنلىرى

باللار يەسلىگە ھەر كىرگەندە ئاۋۋال تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن بىلەن قول يۇيۇشقا بۇيرۇلىدىكەن. ئاندىن ھەر بىر بالىغا بىردىن رەڭلىك تاختاي ئالغۇزۇپ قايسى قانداق رەڭلىك تاختاي ئالغانلىقىنى ئۇنىڭ دېگۈزىدىكەن. باللارغا كۆرپىچەكلەر تەييارلانغان بولۇپ كۆرپىچەككە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىكەن. باللار ھەر كۈنى ئولتۇرۇپ قىلىنىدىغان پائالىيەتلەردە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بار كۆرپىچەكتە ئولتۇرىدىكەن، ۋە شۇ كۈنكى ئىسمى شۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىكەن. مەن بۇنى باللارغا كىچىكىدىن ھايۋانلارنى ئاسراش تەربىيىسى بەرگەنلىك بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. ئەتىگەندە باللارنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشكەن. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. دېمەك بۇلار يەسلىدىن باشلاپ چېنىقىشنى ئادەت قىلدۇرىدىكەن. قىزىمغا ئۇسسۇل ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ (بۇلار ئەمەلىيەتتە باللار مائارىپى كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) ھەرىكەتلىرىدىكى ئەۋرىشىملىك مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلغۇم كېلىدۇ. بىز ھىسسىياتىمىزنى گەپ بىلەنلا ئەمەس ھەركىتىمىز بىلەنمۇ ئىپادىلەشكە قادىر مىللەت. ئەمما چېنىقىش ئادىتى ئومۇملاشمىغاچقىمۇ ئۇسۇلغا ماھىر بولغىنىمىز بىلەن قاتتىق تېنىمىز چىرايىمىزدىكى ئەۋرىشىم خۇلقلىرىمىزغا خوپ كەلمەيدىكەن. ئۇنداق دېسەم ”ئەجداتلىرىمىز چېنىقمايمۇ ئەۋرىشىم بەدەندىن قۇرۇق قالمايتىكەن “دېيىلىشى مۇمكىن. ئۇ زامانلاردا بەدەننىڭ ھەرىكىتى جىق بولغىيدى. ھازىر زامان ئۆزگەردى، شۇڭا زامانغا ماس چېنىقىش ئۇسۇللىرىغا ئادەتلەنگەن غەرىپلىكلەردىن ئۆگەنسەك يامان بولمايدۇ. چېنىقىش ۋە ناخشا ئۇسسۇل تامام بولغاندىن كېيىن ناشتا قىلىش باشلىنىدىكەن. ئوقۇتقۇچىسى تاماقلارنى شىرەگە تىزىپ باللار بىلەن پاراڭلاشقاچ غىزالىنىدىكەن. ھەممە بالا شەربەت، پۇرچاق، سۈت، مېۋە، بولكا قاتارلىقلاردىن بەلگىلىك مىقداردا يەيدىكەن. ئەگەر بىرەر تاماققا قولى يەتمەي ئالالماي قالسا چوقۇم “ئىلتىپات قىلسىڭىز “دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى

كېرەككەن. بولمىسا ئۇقۇتۇقۇچىسى بالىدىن شۇ سۆز چىقمىغىچە تەلەپنى قاندۇرمايدىكەن. ئارىدا كىم باشقىلارنىڭ قاچىسىغا چاڭ سالسا ئاۋۋال بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىدىكەن، يەنە داۋام قىلسا كۆتۈرۈپلا يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ئەگەر بالىلار ئويناش جەريانىدا باشقىلارغا قائىدىسىزلىك قىلسىمۇ دوستلىرىدىن ئايرىپ يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ماڭا ناشتىدا بالىلار تېخى قوشۇق تەگكۈزمىگەن تاماقلارنى قارىتىپ تۇرۇپ تۆكۈۋەتكىنى پەقەت ياقمىدى. مەن ئۆيگۈردىكى "نېمىنى ئىسراپ قىلسا كېيىن شۇنىڭ خارلىقىغا قالىدۇ، قىساسىنى تارتىدۇ "دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىدىغان بولغاچ بۇلارنىڭ ھەرقانداق چۈشەندۇرۇشلىرىگە قارىماي ئۇلارنىڭكىنى خاتا دېگەندە چىڭ تۇردۇم ۋە قىزىمغا بۇ ھەقتە ئالاھىدە چۈشەنچە بەردىم. قىزىمنى يەسلىگە بېرىشتىن بۇرۇن تەكشۈرتسەك تېنىدىكى كېرەكلىك ماددىلار تولۇق چىققانىدى. ئەمما ئايالىم كالتسىي ئېلىپ ئۆچۈرۈشتە چىڭ تۇردى. دېمىسىمۇ ۋەتەندە دائىم تەكشۈرتسەك كالتسىي، سىنىك دېگەنلەر ئەزەلدىن تولۇق چىقمايدىغان قىزىمنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپلا نورمال دەپ قارىلىشى بىزنى گۇمانغا سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەسلىدىكى بالىلار دوختۇردىن بالىمىزغا كالتسىي يېگۈزمەكچى بولغىنىمىزنى، قانداق كالتسىي يېگۈزسەك بولىدىغانلىقىنى سورۇدۇق. دوختۇر، "بالاڭلار سۈت ئىچەمدۇ؟ "دەپ سورىدى، ۋە بىزگە سۈت ئىچىۋاتقان بالىغا كالتسىي بېرىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇردى. بىز يەنە قايىل بولماي بىر دورىخانىغا باردۇق. ئۇ دورىخانىمۇ تۇخۇم بىلەن سۈت ئىچەلەيدىغان بالىغا كالتسىي بېرىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ يولغا سالدى. بىزگە قىزىمىزدا كالتسىي كەم ئەمەسلىكىگە ئىشەنمەسلىكتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئەمما "كالتسىي كەملىك "سەۋەبىدىن ئۈچ يىل ئۇدا كالتسىي ئىچكەن قىزىمىزنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ بىر ئايمۇ بولماي ھەممە جەھەتتە ساغلام چىقىشى بىزنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى.

قىزىم بىر كۈنى ياۋا گۈللەردىن دەستە تىزىپ، يوپۇرماقلاردىن ئادەم، ھايۋان ۋە تۈرلۈك جانلىقلارنىڭ شەكىللىرىنى ياساپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. يەنە بىركۈنى بىر بالمۇز چوكىسىدىن رەسىم رامكىسى ياساپ ئىچىگە ئۆز رەسىمىنى بىر ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. دىققەت قىلسام ھەر ھەپتە بالىلارنىڭ سىزغان

رەسىملىرى، غازاڭلاردىن ياسىغان گۈللىرى، قەغەزلەردىن قىيغان تۈرلۈك شەكىللىرى، كېرەكسىز پوتۈلكىلاردىن ياسىغان ”تۇرمۇش بويۇملىرى“قاتارلىقلارنى يەسلىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ تاختايغا چاپلاپ كۆرگەزمە قىلىدىكەن. دەسلەپتە مەن نەچچە ئايغىچە ئۇقماي قىزىمنىڭ ئىجادىيەتلىرى كۆرگەزمىگە تاللاندى دەپ خوشال يۈرۈپتىمەن. تېخى قىزىمنى ئەقىللىقتىن ئەقىللىققە چىقىرىپ ماختاپ بەرمىگەن ئادەم قالماپتۇ. كېيىن سورىسام يەسلىدە باللارنى بۇنداق دەرىجىگە ئايرىمايدىكەن. كۆرگەزمە قىلىنغان ئىجادىيەتلەر يەسلىدىكى بارلىق باللارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئىكەن. يەسلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە باللارنى كىچىكىدىن باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئورتاق ئۆتۈق كەيپىياتىدا چوڭ قىلىش ئىلمىيلىك ئىكەن. ئەگەر تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان باللار بۇنداق كۆرگەزمە ئارقىلىق دەرىجىگە تۈرغۇزۇلسا باللار ئۆزىنى ئاشۇ دەرىجىلەرگە بولۇپ مۇئامىلە قىلىشىپ ئالغا ئىلگىرلەيدىغان قىزغىنلىقىغا تەسىر يېتىدىكەن.

5. يات تىلدا يارالغان دۇنيا ۋە ئۇيغۇرلۇق

بىر كۈنى يەسلىدىن تېلىپون كەپتۇ. نېمە بولغاندۇ، دەپ ئالسام، ”قىزىڭ سازاڭنى ئوت يەيدۇ، دادام شۇنداق دېگەن دەيدۇ، راست شۇنداق دېمىگەنسەن! مەنچە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپتۇ. باللارنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل بولغىنىڭ ياخشى. باللار كىچىكىدىن سەممىي مۇئامىلىدە چوڭ بولغىنى ياخشى “…دەپ پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە بىر مۇنچە ۋەز ئېيتتى. دەسلەپ گەپنى تۈزۈك ئاڭقىرالمىدىم. كېيىن تەپسىلى ئويلاپ باقسام، قىزىمنىڭ ”سازاڭ نېمە يەيدۇ؟ “دېگەن ئىنگلىزچە سوئالىغا بايقىماي ئۇيغۇرچە ”ئوت “دەپ جاۋاپ بېرىپ ئىشىمنى داۋام قىلغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. قىزىم ئۇيغۇرچە ئوت دېگەن سۆزنى ئوت-يالقۇن دېگەن مەنىدە چۈشىنىۋاپتۇ. شۇندىن كېيىن مەن قىزىمنىڭ تىلىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. بۇرۇن مەن ئۇنى ئۆيدە بولۇۋاتقان ئۇيغۇرچە گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىۋاتىدۇ دەپ ئىرەڭ قىلمىغانىكەنمەن. يۇقارقى ئىشتىن كېيىن كۆزىتىشكە باشلىدىم. مەسئۇدە يېڭى كەلگەندە تېلۋىزورنى چۈشىنەلمىگەچ بەك كۆرۈپ كەتمەيتتى. ھازىر تېلۋىزورغا كىرىپلا كېتىدۇ، ھەتتا توردىن بىركىنو تېپىپ بەرسەم ئۆزى داۋاملاشتۇرۇپ باشقا

كىنولارنىمۇ قويۇپ سائەتلەپ تۇرمايدۇ. بۇرۇن ئاتا ئانا قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە ۋەتەندىكى بۇرادەرلەرگە تېلېفون قىلساق سۆزلىشمەن دەپ تۇرۇۋالىدىغان، ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۆتۈپلا خوش ياقماس بولدى. ھەتتا ئۆزى بۇرۇن ئامراق بىر تاغىسىنىڭ ئىسمىنى قانچە تەكرارلاتساقمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالمىدى. مەن دەسلەپ بۇنى ئۇزاق كۆرۈشمىگەندىن كېيىن بولغان ياتسىنىشمىكىن دەپتىمەن. دىققەت قىلسام ئۇيغۇرچىنى ھوزۇرلىنىپ سۆزلىيەلمىگەچكە ئاڭلاپمۇ خوش بولالمايدىكەن. بىلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزى ئاز بولغاچقا مۇرەككەپرەك سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلالمايدىكەن. تىل ئورتاقلىقى تۈگۈقلاشقاچقا بۇرۇن بىزدىنمۇ چارە كۆرىدىغان بوۋا-موملىرى بىلەن مۇڭداشقىسى كەلمىگەنىكەن. بىر قېتىم بىر ئۇيغۇر دوستىمىز ئەركىلىتىپ بىرمۇنچە گەپ قىلسا، ”نېمە دەۋاتىسەن، چۈشىنەلمىدىم. سەن ئىنگلىزچە بىلمەمسەن؟ يەسلىدە ئوقۇمىغانمۇ سەن كىچىكىڭدە؟“ دەپ سوئال ياغدۇرۇپتۇ ئىنگلىزچىلاپ. قىزىمنىڭ ئانا تىلىنى تەدرىجى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىلانغا چۈشتۇم. ئۇيغۇرچىغا بىراقلا زورلاپ كۆچەپ كەتمىدىم، ئەمما قىزىمنى ۋەتەندە ئانا تىلدا تەربىيلەش ئىرادەم تېخىمۇ چىڭدى. مائارىپنىڭ، تېلۋىزورنىڭ، كىتاپنىڭ ئانا تىلنى بويسۇندۇرۇش سۈرئىتىدىن شۈركىنىپ كەتتىم. بالامنىڭ كەچۈرمىشىدىن قارىغاندا ئانا تىلى تېخى مىڭسىگە تولۇق ئورۇنلاشمىغان باللارغا يەسلىدىن يات تىل ئۆگىتىش بالىنىڭ ئانا تىلدا يىتىلىدىغان تەپەككۇرىنى بىتچىت قىلىپلا قالماي تەلەپپۇز ئورگانلىرىنىمۇ يات تىلنىڭ تەلەپپۇزىغا كۆندۈرۈپ تاشلايدىكەن. ھەتتا ئانا تىلدا بىر قېرىندىشىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئەپلەپ تەلەپپۇز قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. بىز ئىزچىل ئۆيدە ئىنگلىزچە سۆزلىمەيتتۇق ۋە قىزىمغا سۆزلەتكۈزمەيتتۇق، شۇنچە قىلساقمۇ ”ئۆي“دىكى ھساپ ”تالا“غا توغرا كەلمىگەن ئوخشايدۇ. بالامنىڭ ئۆيدە ئۇيغۇرچە سۆزلىشى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇيغۇرچە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەيدىكەن، ئۇنىڭ دۇنياسى يەسلىدە ئۆگىتىلىۋاتقان يات تىل بىلەن يارىلىشقا باشلاپتۇ.

تېلۋىزوردىن باشقا بالامنىڭ ئانا تىلنى بۇنچە تېز ئۇپراتقان ئامىلنىڭ يەنە بىرى يەسلى ۋە كىتاپ. يەسلىدە كۈندە بىر قانچە قېتىم مەخسۇس كىتاپ ئوقۇپ بېرىلىدىغان

بولغاچقىمۇ قىزىم كىتاپقا بەك بېرىلىپ كەتتى. چاتاق يېرى يېنىمىزدا ھازىر باللار ئۈچۈن يېزىلغان ئۇيغۇرچە كىتاپ يوق، شۇڭا ئىنگلىزچە كىتاپ ئوقۇپ بېرىمىز. بىزدەك ئېنگلىزچىنى قېرىغاندا ئۆگەنگەنلەرگە باللىغا خەقنىڭ تىلىدا ھكايە ئوقۇپ بېرىش ئەپ كەلمەيدىكەن. ۋەتەندىن ئەكەلگەن ئۇيغۇرچە كىتاپلار بالامغا ئالللقاچان يادا بولۇپ كەتتى. ئېنگلىزچە كىتاپ ئوقۇپ بەرمەي ئامال يوق. قىزىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزنى ئۆلچەملىك ئۆگەنگەچكە بەزىدە مېنىڭ تەلەپپۇزۇمنى چۈشەنمەي سوراپ تۇرۇۋالدۇ. بۇمۇ ياخشى بولدى، ئېنگلىزچىنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ خاتا تەلەپپۇز قىلىۋالغان بەزى سۆزلەرنى تۈزۈتىۋالدىم. ھەمدە شۇ سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى قىزىمدىن سوراپ ئۇيغۇرچە ئۆگىتىۋالدىم. يەسلىدە باللارغا كىتاپ ئوقۇغاندا بىر ئوقۇتقۇچى كىتاپ ئوقۇسا قالغان ئوقۇتقۇچىلار باللارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ بىللە ئاڭلايدىكەن ۋە ۋەقەگە ماس ئاۋاز ۋە ھەركەتلەرنى چىقىرىپ تىياتىر كەيپىياتى يارىتىدىكەن. قىزىمغا بۇ بەك ياراپ كەتكەن بولسا كېرەك، كىتاپ ئوقۇتۇش جەريانىدا مېنى دوراتمىغان ھايۋان قالمىدى. كىتاپ ئوقۇغان ئوقۇتقۇچى پات پات سۇئال سورايدىكەن ۋە باللارنىمۇ سوراشقا رىغبەتلەندۈرىدىكەن. ھەتتا باللاردىن كېيىنكى ۋەقەلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرىزىنى سورايدىكەن. مەن بۇلارنى بىلمىگەچكە قىزىمدىن تولا تەنقىد يەپ كەتتىم. بىر بولسا سۇئال سوراشنى ئۇنتۇپ قالاتتىم، يەنە بىر بولسا ئويۇن كۆرستىشنى. ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىنى پەرەز قىلدۇرۇشنى تېخى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ بولالمىدىم. بالامغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋېتىپ خىيالىم باللىرى خەنسۇچە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا كەتتى. شۇ ناتىۋانلارنىڭ باللىرىغا كىتاپ ئوقۇپ بېرەلمەيدىغانلىقى، ياكى باللىرىغا كىتاپ ئوقۇتۇپ ئاڭلىيالمايدىغانلىقى ئىچىمنى ئاچچىق قىلدى. ئۇلارنىڭ خەنسۇچە بىلمىگەنلىكتىن باللىرىنىڭ كىتاپلىرىنى چۈشىنەلمەي، تاپشۇرۇقلىرىنى چۈشەندۈرەلمەي قىينىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېزىلىپ كەتتىم. يات تىلدىكى تەربىيەدە چوڭ بولغان باللار مەكتەپتە بىلگەن بىلىملىرىنى ئاتا ئانىسىغا زوق شوقى بىلەن سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۆز بىلىمىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى مەمنۇن قىلغاندىكى خۇشاللىقتىن بەھىر ئالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالغان بىلىملىرى كىتاپتىن، ئېشىپ مەكتەپنىڭ قورۇسىدىن چىقالمايدۇ. دەرسخانىدا ئالغان بىلىم ئۆيدە كېرەكسىز، ئېتىزدا پايدىسىز، مەھەللىدە خېرىدارسىز قالىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە

بىلىدىغانلىقىنى مەھەللە-كويى، قوشنا-قولۇم بىلمەيدۇ، سورىغان تەقدىردىمۇ يات تىلدا ئوقۇغان بۇ بالىلار چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بىلىم نومۇرىغا ۋە تەقدىرنامىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتكە پەقەت نومۇرى بىلەنلا جاۋاپ بېرىدۇ. ئاتا-ئانىسىنى نومۇرى بىلەنلا رازى قىلىدۇ. ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن ئاتا-ئانىسىغا، قەۋم-قېرىنداشلىرىغا جەمئىيەتنى، تەبئىيەتنى، ئىنسانىنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەلمىگەن بۇ بالىلارنىڭ نەتىجىسى، ئىستىقبالى قانچىلىك بولماقچى؟ كېيىنچە نومۇر ئەمەس پەزىلەت ۋە ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان رىقابەت دۇنياسىدا قانچىلىك رىسقىغا ئېرىشمەكچى؟ ···بالىغا كىتاپ ئوقۇپ بېرىش دېگەنلىك مېھىر سىڭدۈرۈش دېگەنلىكتۇر، بالىغا مەدەنىيىتىمىزنىغۇ سىڭدۈرۈشكە چارىسىز قالدۇق، ئەمدى مېھرىمىزنىمۇ سىڭدۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىمىزمۇ؟ بوۋىمىز ئەتىۋارلاپ ساقلىغان، غورۇرلۇنۇپ ئوقۇغان كىتابنى، ئانىمىز تەۋەرۈك بىلىپ ساقلىغان خاتىرىنى بالىلارغا ئوقۇپ بېرىش پۇرسىتىمىز بولمىسا، بىلمىگەننى ئانا تىلدا سوراپ، بىلگەننى ئۆز تىلدا ئۆگىتەلمىسەك بالىمىزنى كىم ئۈچۈن بېقىۋاتاندىمىز؟ بالامنىڭ ”دەدى“ دېگەن ئېنگىلىزچە چاقىرىشى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. ”دادا دەڭە بىر ئۇيغۇرچە، مەن ئېنگىلىزنىڭ دادىسى ئەمەس! “دېدىم قوپاللا.

قىزىم نېمشقا سازاڭنى ئوت-يالقۇن يەيدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالدى؟ چۈنكى يەسلىدە ئىنگلىزچە تەربىيە ئالىدىغان قىزىم دۇنيانى شۇ تىلدا تەسۋىرلەيدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. قىزىم ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن ئىنگلىزچىدە بىرگە بىر تەگدىشى بولغان سۆزلەرنى خاتاسىز ئاڭقىرالايدۇ. كۆپ مەنىلىك، ھېسسىي ۋە كۆچمە مەنىلىك ئىبارىلەرنى مۇجمەل چۈشىنىپ قالىدۇ، ياكى ئىگىلىيەلمەيدۇ. ھەرقانداق تىلدا بىرگە بىر تەگدىش تېپىلىدىغان سۆزلەر كۆپىنچە تۇرمۇش سۆزلىرى بولۇپ ئىنساننىڭ روھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بۇ سۆزلەر قايسى تىلدا دېيىلسە مەنە ئالمىشىپ كەتمەيدۇ، خاتا چۈشىنىلمەيدۇ. بىز ئانا تىلىمىزدىكى قىزىمىز بىلەن ئالاقە قىلىۋاتىمىز، قىزىمىز ئۇيغۇرچە بىلىدۇ، دېگىنىمىز بىلەن بالىمىز گەپلىرىمىز ئىچىدىكى ئۆزى پىششىق تىلدا مەۋجۇد بولغان ئۇقۇملارنىلا مىڭسىدە تەرجىمە قىلىپ قوبۇل قىلىۋالىدۇ ۋە ئېسىدە ساقلىيالايدۇ. تەرجىمە قىلالمىغانلىرىنى رەت قىلىدۇ ياكى ئۇنۇتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ

مەنۋىي مەدەنىيىتىگە يەنى ئېتىقادى، گۈزەللىك قارىشى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى…قاتارلىق تەرەپلەرگە دائىر سۆزلەرنى ئادەتتە بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلغىنى بولمايدۇ. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزگە مۇنداق سۆزلەرنى ئۆگەنمەك، سۆزلىمەك تەس بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇلاردىن شۇ سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىلەرگە ئۇيغۇن ياشاشنى تەلەپ قىلماق بالىغا ئەقلى ۋە روھى بېسىم ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بىز ئۇيغۇرچە ياشاۋاتقان دۇنياغا كىرىدىغان ئاچقۇچ- ئانا تىلدىن مەھرۇم. قايسى تىلدا هوزۇر ئالساق شۇ تىلنىڭ شەيدالىرىغا ئايلىنىمىز، شۇ تىل ھەقدارلىرىنىڭ خېرىدارلىرى، سادىق ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ قالىمىز. بىزنىڭ خوجايىنلىقىمىز، مۇستەقىللىقىمىز، غۇرۇرىمىز ئانا تىل بىلەن قاشالانغان دۇنيادا تاشلىنىپ قالغان بولىدۇ. بالامنىڭ تىلى ئىنگلىزچىگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ دېگەنلىك، ئۇنىڭ دۇنياسى ئىنگلىزچىگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ دېگەنلىكتۇر. بالامنىڭ قەلبىدە ئىنگلىزچە يارالغان دۇنيادا مۇقام بولمايدۇ، مەسجىد بولمايدۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولمايدۇ، ئەكسىچە شېكسپىر، چىركاۋ، جەز مۇزىكىسى، ئامېرىكا ئايدوللىرى-داڭدارلىرى…بولىدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئىسسىق كۆرۈنگەن ئەتلەس، ئاتلىساقلا ھاياجانغا سالىدىغان تەمبۇر، قانچە كەزسەك ھارمايدىغان بازار-رەستىلەر قىزىمغا بىر قېتىملىق ساياھەت ئۈچۈن قىزىقارلىق تۇيۇلىشى مۇمكىن. بەزىدە دېمىغىمغا شۇنداق بىر شۇملۇق پۇراپ كېتىدۇ. بالامنىڭ ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە، جۇڭگودا خەنسۇچە يارىلىدىغان دۇنياسىدا ئۇيغۇرچە تونۇم بىلەن مەتۇ كۆرۈنۈپ قالارمەنمۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

6. يەسلىدىكى ”تەجرىبە“، ”تەتقىقات “ۋە ئەدەپ

”سازاڭ ئوت يەيدۇ “ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ گەپنىڭ نېمە سەۋەپتىن چىققانلىقىنى بىلىشكە قىزىقتىم. سوراشتۇرسام باللارغا كۈندە بىر قېتىم تەبىئەت بىلىملىرى چۈشەندۈرىلىدىكەن. بۇ تەربىيە مەكتەپنىڭ باغچىسى (مەكتىپىمىزنىڭ باغچىسى بەك چوڭ، بىنالار، ئورمانلار، چىملىقلار ئارىسىغا بېزەك ئۈچۈن قىستۇرۇپ قويۇلغاندەكلا كۆرۈنىدۇ)، تەبىئەت مۇزېيى، تەبىئەت تارىخى مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلاردا داۋام قىلىدىكەن. باللار ئاۋال مەكتەپ باغچىسىدا ئۆسۈملۈك ۋە

ھاشاراتلاردىن ئەۋرىشكە توپلايدىكەن، ئاندىن سىرىتتا كۆرگەنلىرىنى مۇئەللىمگە ۋە ساۋاقداشلىرىغا سۆزلەپ بېرىدىكەن. بەزىدە تېخى سىرىتتا كۆرگەن نەرسىلىرىنى سىزىپ ئوينايدىكەن. بىر كۈنى قىزىم تەبىئەت تەربىيىسىدىن بىلگەنلىرىنى مۇنداق بىر رەسىمگە يىغىنچاقلاپتۇ. رەسىمدە بىر ئۆي، ئۆينىڭ ئالدىدا چىملىق، چىملىقتا تىيىن، مۈشۈك، دەرەخ، ئاسماندا شالاڭ بۇلۇت، قۇياش ۋە ھەسەن-ھۈسەن. مەن ھەسەن ھۈسەننىڭ يەتتە خىل رەڭدا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇ رەڭلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇنى قىزىمدىن ئۆگەندىم، ئوقۇتقۇچىسى رەسىم سىزىش جەيانىدا كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. مەن ئىككى نەرسىدىن ھەيران قالدىم؛ بىرى قىزىمنىڭ شۇنچە كۆپ نەرسىنى بىر ۋاراق قەغەزگە چىرايلىق بىر رەۋىشتە ئورۇنلاشتۇرالىغىنىدىن، يەنە بىرى رەڭلەرنى ماسلاشتۇرالىغىنىدىن. دېمەك قىزىم كۆڭۈلدىكى تۇيغۇنىڭ قانداق تەرتىپتە ۋە قانداق رەڭلەردە شەكىللىگە كىرىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى قىزىم ئورمان دېگەن بىر ناخشىنى بەك ئوقۇپ كەتتى، قىزىقسىنىپ "بالام ئورماندا نېمە بار "دېسەم، ساناپ تۇرۇپ 28 ھايۋاننىڭ ئىسمىنى دەپ بەردى. بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى ھەتتا مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن.

بىر جۈمە كەچتە قىزىم مەن تەتقىقات قىلىمەن دەپ قالدى. ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، چۈنكى تەتقىقات دېگەن سۆزنى مەن تۆت ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى. ئېيتىشىچە پىلانى بارمىش، مۇئەللىمگە دۈشەنبە كۈنى دوكلات قىلىدىكەن. تېمىسىنى مۈشۈك ھەققىدە بېكىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىمنى شەنبە كۈنى تەبىئەت مۇزېيىغا، يەكشەنبە كۈنى شەھەرلىك كۈتۈپخانىنىڭ بالىلار سارىيىغا ئاپىرىپ مۈشۈككە دائىر بىلىملەر بىلەن ئۇچراشتۇردۇق. مەخسۇس مۈشۈكنىڭ پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان سىنتەخسە ئېلىپ بەردۇق. قىزىم ھەرخىل مۈشۈك تۈرلىرىنىڭ رەسىمى، مۈشۈك ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى چوڭ بىر ۋاراق قەغەزگە سىزىپ، بەزىلىرىنى قىيىپ چاپلاپ دۈشەنبە كۈنى يەسلىگە يۈرۈپ كەتتى. بىركۈنى تاماقتىن كېيىن كولا ئىچىپ تۇرسام قىزىم "دادا، كولا چىشقا زىيانلىق، قاراپ تۇرسام ئىككى قۇتا ئىچىۋەتتىڭ "دەيدۇ. نەدىن بىلگىنىنى سورىسام يەسلىدە



QQ:88510082

پەيكار ئېلكىتابلىرى

مۇئەللىمى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپات بېرىپتۇ. قىزىم ساڭا كۆرسىتىپ قويااي دەپ ئاۋال بىر ئىستاكانغا كولانى قۇيۇپ ئىچىگە بىر تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى سالدى. ئىككى سائەت ساقلايدىكەنمىز. ئىش بىلەن بولۇپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا چاقىرىدۇ، قارىسام ھېلىقى شاكال كولا ئىچىدە ئېرىپ كېتىپتۇ. قىزىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بىزنىڭ چىشىمىز تۇخۇمنىڭ شاكىلىغا ئوخشايمىش. تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى ئېرىتىپ تاشلىغان كولا، زىيادە ئىچىلسە چىشىمىزنىمۇ چىرىتىپ تاشلايمىش.

بالامنىڭ يەسلىسىدە مېنى قىزىقتۇرغان يەنە بىر نەرسە گولوبۇس بولدى. سىنىپتا ھەر بىر بالىغا بىردىن يەتكۈدەك گولوبۇس تۇراتتى. 4-5 ياشلىق باللار ئوقۇيدىغان قىزىمدىن يۇقىرى يىللىقنىڭ مۇئەللىمدىن قىزىقىپ سوراۋسام بەزى باللار گولوبۇستىكى خەتلەرنى ئوقۇماي تۇرۇپلا قايسى دۆلەتنىڭ نەگە جايلاشقانلىقىنى دەپ بېرەلەيدىكەن. يەسلىدە ھەر تۆت بالىغا بىر ئوقۇتقۇچى توغرا كېلىدىغان بولۇپ قايسى نېمە ئۈينىسا مۇئەللىم شۇنى كۆزىتىدىكەن، ئەگەر بىرەر سۇئال سورىغۇدەك بولسا بېرىپ چۈشەندۈرىدىكەن، ياكى ئويناۋاتقان بالىنىڭ قېشىغا بېرىپ سۇئال سورايدىكەن. يەسلىدىكى ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىدى ئاساسەن باللارنىڭ قىزىقىشىغا سورۇن ھازىرلاش، قىزىقىشنى يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئىكەن. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى پاراڭلىشىش شەكلىدە بولىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار باللارنىڭ قولىنى يالاش، بۇرنىنى كولاش، يەل قويۇۋېتىش، قوپاللىق قىلىش قاتارلىق قىلىقلىرىغا ئايرىم چۈشەنچە بېرىدىكەن. بۇندىن باشقا باشقىلار ئىسمىنى چاقىرغاندا قانداق قىلىش، باشقىلاردىن ياردەم سورىغاندا نېمە دېيىش، باشقىلار ياردەم بەرگەندە قانداق رەخمەت ئېيتىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە نېمە دېيىش، باشقىلار بىلەن تاساددىپى دوقۇرۇشۇپ قالغاندا نېمە دېيىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى كۈندە تەكىتلەپ ئۆگىتىدىكەن. بۇ ئامېرىكىلىقلارنى نېمىشقا ئورتاق بۇنداق ئەدەپلىك، سىلىق سۆز، ياردەمسۆيەر كېلىدىكىن دېسەم بۇ يەسلىدىن تارتىپ سىڭدۈرۈلگەنلىكتىن ئىكەن. ئەگەر قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا ئاۋال ئەسكەرتىدىكەن، يەنە ئاڭلىمىسا تۇرغان يېرىگىلا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. مەسئۇدە بىر يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ مېنى بىرسى ئۇردى ياكى تىللىدى دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەلمىدى. بىزنىڭ ئوتتۇرا

باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەتتا ئۇنىۋېرسىتتلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوزەك قىلىش ۋە بولۇش مەسلىسى خېلى كەڭرى بولغاچقا بۇ ھەقتە سورۇدۇم. مەكتەپتە باللارنىڭ بىر بىرىنى بۇزەك قىلىشى مۇمكىن ئەمەسكەن. باشقىلارنى سەۋەبسىز ھاقارەت قىغلۇچى بالا ئەڭ يېنىك بولغاندىمۇ مەكتەپتىن بىر ھەپتىلىك قالدۇرلىدىكەن، بۇ ئىش ئىككىنچى قېتىم يۈز بەسە گەپ يوق قوغلىنىدىكەن. بىر مەكتەپتىن قوغلانغان بالىنىڭ يەنە بىر مەكتەپتىن قوبۇل ئالمىقى بەكمۇ مۈشكۈلكەن. كىچىكىدىن بۇنداق قائىدىلىك چوڭ بولغان باللارنىڭ بىراقلا بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. بىزنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرىمىز پەقەت ئۆيدىلا تەكىتلىنىدۇ. مەكتەپلەر يا ئۆزى تەرغىپ قىلىۋاتقان جوڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىنى يا كومۇنىستىك ئىدىيىنى سىڭدۈرەلمەي، ئۆز ئەخلاقىمىزنى مائارىپ ئارقىلىق ئىلمىي ئۆگەتمەي، مەدەنىيەتكىمۇ، پۇقراغىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ. مەن ئامېرىكا يەسلىلىرىنىڭ باللارغا ھەم بىلىم ھەم تەجرىبە ۋە ئەخلاقنى تەڭ ئۆگىتىپ ماڭىدىغان نۇرغۇن ئۇسۇل ۋە شەكىللىرىنى ئۆگەندىم. ئاللاھ خالىسا بىزمۇ شۇنداق تەربىيە شارائىتى يارىتىپ ئويلىيالايدىغان، ئىشلىيەلەيدىغان، قىلىقلىرى ۋە خۇيلىرى يېقىشلىق باللارنى تەربىيەلىسەك دەيمەن. مەن ساغلاملىق تەربىيىسى، مۇۋەپپەقىيەت تەربىيىسى ۋە باللار تەربىيىسى ساھەسىدە ھەمكارلىشىپ باقساق دەيمەن. بۇلارنى يېزىشتىكى مەقسەد بىر ئەندىزىنى تونۇشتۇرۇش، تەھقىقكى، بۇ شۇنداق ئەندىزىنى ئۆزىمىزدە بەرپا قىلىش ئۈچۈن موھىم.

7. قىزىمىزنى ”ئامېرىكىچە “تەربىيىلىيەلىدۇقمۇ؟

بەلكىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە بۇنچە دىققەت قىلغانلىرىمىغا قاراپ ”بۇلار بالىسىنى ئۇيغۇرنىڭ ۋە ئامېرىكىلىقنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قانچىلىك تەربىيەلەپ كېتىۋاتقاندۇ “دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، كۆزىتىش، ھىس قىلىش باشقا گەپ، شۇلاردىن پايدىلىنىش پۈتۈنلەي باشقا گەپ ئىكەن. بىز بالىمىزغا تاماق يېگۈزەلمەي، يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىسىدىن سورۇدۇق. قىزىم يەسلىدە تاماق يەيدىكەن. نېمىشقا ئۆيدە تاماق

يىمەيدۇ؟ شۇندىن كېيىن قىزىمنىڭ يەسلىدە قىلىدىغان ئىشلىرى بىلەن ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. قىزىم يەسلىدە تاماق يەپ بولۇپ قاچىسىنى ئۆزى يىغىشتۇرىدىكەن، شىرەسىنى ئۆزى سۈرتىدىكەن. ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ بولۇپ ئۆزى يىغىشتۇرىدىكەن. "ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ بولۇپ ئۆزى يىغىشتۇرىدىكەن. "ئوقۇتقۇچىسى "ئۇخلاش ۋاقتى بولدى "دەپ بولغىچە يوتقىنىغا كىرىپ بولىدىكەن. ئەمما ئۆيدە يۇقارقى قىلىقلىرىدىن بىرنى قىلمايدۇ. پەقەت مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىر ئىشنى ئۆيدە قىلدى. بىركۈنى يېنىمدىن ئۆتمەكچى بولۇپ "دادا، كەچۈرسەن، مەن ئۆتۈۋالاي "دېگەننى ئېنگلىزچە دېدى. ئەمما ئۇيغۇرچىسىنى شۇنچە ئۆگەتسەممۇ دېمىدى. چۈنكى بىز ئۆيدە ئەر خوتۇن بىر-بىرىمىزگە ئۇنداق تۈزۈت قىلىپ يۈرمەيدىكەنمىز. تۈزۈت قىلىشمىغانىكەن، تۈزۈتكە لايىق گەپلەرمۇ بولمايدىكەن، بىز دەپ كۆنمىگەندىن كېيىن قىزىمىزمۇ ئۆگىنەلمەيدىكەن. (بىز تۈزۈتنى تونۇمىغان، ياكى زىيادە ھۆرمەتلىكلەرگە قىلىدىكەنمىز، ئامېرىكىلىقلار يېقىنلىرىغا بەكرەك تۈزۈتلۈك مۇئامىلە قىلىدىكەن). بۇنىڭدىن شۇنى بىلدىمكى، ئىنسان كىچىكىدىن موھىتتىن ۋە باشقىلاردىن ئۆلگە ئالىدىكەن. قىزىمنىڭ مەكتەپتىكى موھىتى ھەركىم ئۆز ئىشنى ئۆزى قىلىدىغان موھىت بولغاچ قىزىم ئىشنى تېپىپ قىلالايدىكەن. ئەمما ئۆيدە ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىز قىلىپ بېرىمىز شۇڭا ئۆيدە قىلمايدىكەن. كۆپىنچە مەن ئۆيدە داستىخان سالمايدىغان، يىغمايدىغان بولغاچ ئۇمۇ تەبىئى ھالدا بۇ ئىشلارنى باشقا بىرنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايدىكەن. بىز تۈزۈتلۈك سۆز قىلمىغاندىكىن بىزدىن ئۆلگە ئېلىپ بىزگىمۇ تۈزۈتلۈك گەپ قىلمايدىكەن. دېمەك ئىنسان كىچىكىدىن باشلاپ سورۇن ۋە سالاھىيەتكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدىكەن. يەسلى قىزىمنىڭ نەزىرىدە يەسلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قارار چىقىرىدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان سورۇن. قىزىمنىڭ يەسلىدىكى سالاھىيىتى باشقىلار بىلەن باراۋەر. ھەتتا ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىسمى بىلەنلا چاقىرىدۇ، بىللە ئوينايدۇ، ئۇلارنى يا مۇئەللىم، يا ئاچا دەپ چاقىرمايدۇ. بۇنداق ھەر ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ئۇنىڭغا بىر مۇستەقىل ئىنسانلىق سالاھىيىتىنى بەرگەن. ئۆيدە بولسا ئۇنىڭ ھەممە ئېھتىياجلىرى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار قىلىنىدىغان، ئۇ دائىم يېتەكلىنىدىغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان سورۇن شۇڭا بۇ

يەردە ئۇنىڭ كۆپ ئىشقا باش قاتۇرىشىغا ۋە قول سىلىشىغا ھاجەت يوق. بۇ يەردە ئۇنىڭ سالاھىيىتى باشقۇرۇلغۇچى، قوغۇدالغۇچى، تەلەپلىرى قاندۇرۇلغۇچى شۇڭا ئۇنىڭ سالاھىيىتى پاسسىپ، تايانغۇچى. بىز قىزىمىزنى ھېچ بولمىسا تامىقنى ئامېرىكىلىق باللارغا ئوخشاش ئۆزى يىسۇن دەپ نەچچە ئون قېتىم دېيىشتۇق، ئەمما ئايالىم تاماق پىشقاندا مەسئۇدەنىڭ كەينىدىن قوشۇقنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشنى ئىزچىل تاشلىيالمىدى. بۇنى قىلالمىغىنىمىزدىن قارىغاندا ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرىشىمىز تەس ئوخشايدۇ.

مەن بىزنىڭ تۈرك ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە ۋە ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغىنىمدا ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئارىمىزدىكى بىر  پەرقىقە دىققەت قىلدىم. بىز تۈرك ئۇيغۇرلار ساھىپخان بولغان ۋاقتىمىزدا بالىمىز بىلەن مېھماننىڭ بالىسى ئوينۇشۇپ جېدەل قىلسا ياكى بىر ئويۇنچۇقنى تالىشىپ قالسا ئورتاق ھالدا بالىمىزدىن گۇناھ ئۆتسۇن ئۆتمىسۇن ئۆز بالىمىزغا تەنبىھ بېرىدىكەنمىز. ھەدىسە گۇناھنى ئۆز بالىمىزدا قويىدىكەنمىز. مەن ھەتتا بىر تۈرك دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ”قىزىم خاتا قىلدى، كەچۈرۈڭ سورىسۇن “دېسەممۇ ئۇنىماي ھېچ خاتا قىلمىغان قىزىنى جىملىدى. بۇ ئادەتنى ئەلۋەتتە بىز ۋەتەندىن كۆتۈرۈپ كەلگەن. ۋەتەنگە قايتساق قىزىمىزنىڭ بۇنداق مەدەنىيەتىمىز سەۋەبلىك باراۋەرسىز مۇئامىلىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئادىتىمىزگە قاراپ مەن قىزىمنى ھەممە ئادەم، ھەممە جايدا بىر بىرى بىلەن مۇتلەق باراۋەر دېگەن ئامېرىكىچە روھتا تەربىيىلىمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر قانداق ئىشقا بىر ۋاقىت چېكى بېكىتىدىغانلىقىنى باشقىتا دېگەنىدىم. ئەلۋەتتە مەنمۇ بالامنى شۇنداق ۋاقىتچان روھتا يېتىشتۈرمەكچى بولدۇم. ئەڭ ئاددىسى قىزىمنىڭ قورچاق پىلىم كۆرۈشىگە بىر قېتىمدا بىر سائەت دەپ تۈزۈم بېكىتتىم. ئەمما ئۆزەم كىتاپ ئوقۇپ ياكى باشقا ئىش قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا بېكىتىپ بەرگەن ۋاقىتنى  ئۇنتۇپ قالدىم. يەنە بىرى ۋاقىتنى تەكىتلىگەن بولساممۇ قىزىمنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاقىتنى چەكلىمىسىز ئۇزارتتىم. نەتىجىدە



پەيكار ئېلكىتابلىرى

قىزىمىزغا بەلگىلىك ئىشنى چوقۇم بەلگىلەنگەن سائەتتە قىلىش كېرەك دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈپ بولالمىدۇق. بۇنىدىن باشقا ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇكاپات جازاسى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان تۈزۈمى بالىلىرىغا كىچىكىدىن سىڭدۈرۈلىدۇ. ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئەڭ ئاددىيسى قىزىمىنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرالمىدۇق. سەۋەبى بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدىنى ئۆزىمىز چىدىماي بۇزۇپ قويۇپ قايتا ئۆتمەس قىلىپ قويدۇق. قارىغاندا قىزىمىزمۇ ھېسسىياتنىڭ ھەرقانداق پىرىنسىپ ۋە توساقلارنى يىمىرىپ تاشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ چوڭ بولسا كېرەك. مەن بۇلارنى قىلالمىدىم دېگىنىم باشقىلارنىمۇ قىلالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ بالىمىزنى ئۆزىمىزدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق، ئۆز ئايىمىزدىكى ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن دېيىشىمىزى ئاسان ئەمەسكەن. بىز بالىمىزدا ساغلام قىلىق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆز قىلىقلىرىمىزنىلا ئەمەس ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ۋە مەھەللىمىزدىكى ھەتتا مەكتەپتىكىلەرنىڭ قىلىقلىرىنىڭ توغرا-دۇرۇسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەككەن. بۇلارنى ئەمەلگەن ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئىنسان ئۆزىنىڭ يۇقارقى ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئىنچىل ئۇتۇقۇقا ۋە ئىززەتكە ئېرىشىدىغان ئەگەر ئۇلاردىن مەھرۇم قالسا ئىنچىل زىيان تارتىدىغان چوڭ موھىتنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەككەن. ئۇنداق بولمىغاندا بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرەر مەزگىللىك تىرىشچانلىقى جەمئىيەتنىڭ ئېقىمى ئالدىدا سۇپۇرۇلۇپ كەتكۇدەك. قارىغاندا قىزىم ئامېرىكىدا ئايالىم ئىككىمىز بىلەن ئۇزاق ياشىسا بىزدىن ئۆگىنەلمىگەنلىرىنى مەكتەپتە ۋە ساۋاقداشلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرى بىلەن تولۇقلاپ ئامېرىكىچە ئادەم بولالىسا كېرەك. بىزنىڭ تۈيغۇلىرىمىز ئاجايىپ مۇرەككەپ. بىر بولسا دەيمىز قىزىمىز ئامېرىكىلىقلاردەك مۇستەقىل، ئىجاتچان، باراۋەرچىل. ھۆرلۈكسۆيەر، تۈزۈمچان، ۋاقىتچان بولسىكەن دەيمىز. يەنە بىر بولسا قىزىمىزنىڭ ئامېرىلىكلىقلاردەك راھەتپەرەس، ئۆزۈمچىل، كۆيۈمسىز بولمىسىكەن دەيمىز. بەزىدە بالىلىرى ئامېرىكىدا چوڭ بولغان ئاتا ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ قىزبالىدەك ئەمەسلىكىدىن، ئوغۇللىرىنىڭ ئائىلىگە مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن قاقشاشلىرىنى ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن ئ مېرىكىلىقلاردىن ئۆگىنەلمىگەن تەرەپلەرنى ئۆگىنىۋالغىنىدىن ئىكەن، قاقشايدىغىنى ئۇيغۇرلۇقنى ئۆگىتەلمىگىنىدىن ئىكەن.اڭلاپ قالىمەن. ئويلاپ

باقسام ئامېرىكىدا ئاتا ئانىلارنىڭ بالىلىرىدىن سۆيۈنىدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ ئا



QQ:88510082

پەيكار ئېلكىتابلىرى